*Вәтәнни сөйүш - иманниң җүмлисидиндур*

ۋەتەننى سۆيۈش ـ ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر

قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرى «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىنىڭ ئاممىۋى ـ سىياسىي گېزىتى

Общественно - политическая газета
Общественного объединения уйгуров
“Иттипак” Кыргызской Республики

# ИТТИПАК ئىتتىپاق ЫНТЫМАК

№ 11 (889), ноябрь, 2021 г.

2021 ـ يىل، ئوغلاق 11 ـ سان (889)

-Газета издается с марта 1994 года

## В НОМЕРЕ:



*Уйғур сот коллегиясиниң жигини*
*Стр.7*



*Великие уйгурские мыслители*
*Стр. 8.*



*Мәдәнийәт - тарихниң алтун бөшүги*
*10-бәт*



*Видный ученый - уйгуровед международного уровня*
*Стр.12*



ئۇيغۇر شېئىرىيتى ھەققىدە
13 ـ بەت

# *7-8-ноября -Дни истории и памяти предков*

# 7 ـ 8 ـ نويابر ـ تارىخ ۋە ئەجداتلىرىمىزنى ئەسلەش كۈنى



7 и 8 ноября в Кыргызстане отмечают Дни истории и памяти предков. Указ об установлении этих дат был подписан в октябре 2017 года в целях объективной исторической оценки национально-освободительного восстания и трагических событий 1916 года, Февральской и Октябрьской революций 1917 года, уроков и наследия советского периода развития, последствий политических репрессий XX века, а также отдавая дань памяти предкам. В связи с этими днями глава государства нашей республики Садыр Жапаров выступил с обращением к народу Кыргызстана.

В своем обращении президент отметил: «Нам есть кем и чем гордиться в нашем прошлом и настоящем. С почтением отдавая дань памяти и уважения славному пути, пройденному нашим народом, а также воздавая должное тому, что свершили мы сами, следует вынести верные уроки и наметить высокие цели на будущее. Доставшееся нам от предков великое историческое наследие возлагает на нас огромную ответственность. Наш священный долг – со всем почтением к славным свершениям отцов и дедов, которые высоко несли идею свободы и завещали всемерно беречь завоеванную ими независимую государственность, сохранить нашу чудесную землю и, не потеряв ни пяди, бережно передать ее следующим поколениям.

Нам приличествует стремление к подлинно высоким целям - нравственности, глубоким знаниям и передовой науке, нам надлежит высоко нести знамя единства и сплочённости.

Давайте же проникнемся мудростью веков, заложенной в бессмертной истине «Не бывает народа без истории, как не бывает древа без корней», - и как наследники великих предков восславим нашу историю!»

Государственный секретарь Кыргызской Республики Суйунбек Касмамбетов в Дни истории и памяти предков посетил Национальный историко-мемориальный комплекс «Ата-Бейит» и возложил цветы. Государственного секретаря Суйунбека Касмамбетова сопровождали - заместитель председателя кабмина КР Эдиль Байсалов, министр культуры, информации, спорта и молодежной политики Кыргызской Республики Азамат Жаманкулов, Полномочный представитель Президента КР в Чуйской области Эркин Тентимишев, выдающиеся государственные и политические деятели - старейшины Медеткан Шеримкулов и Апас Жумагулов.

*Радио «Азаттык»*

قىرغىزستاندا 7 ـ ، 8 ـ نويابر كۈنلىرى، تارىخ ۋە ئەجداتلارنى ئەسلەش كۈنلىرى ھېساپلىنىدۇ. مىللىي ئازاتلىق قوزغىلىڭى ۋە 1916 ـ يىلدىكى ئېچىنىشلىق ۋەقەلەر، 1917 ـ يىلدىكى فېۋرال، ئۆكتەبر ئىنقىلابلىرى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەرەققىيات دەۋرىدىكى ساۋاقلار ۋە مىراسلارغا ئوبيېكتىۋ تارىخىي باھا بېرىش ئۈچۈن، بۇ ۋاقىتلارنى تەسىس قىلىش پەرمانى 2017 ـ يىلى، ئۆكتەبردە ئىمزالاندى. بۇ ئەسلەش كۈنلىرىنى خاتىرلەش XX ـ ئەسىردىكى سەياسىي باستۇرۇشلارنىڭ قۇربانلىرىغا، شۇنداقلا ئەجداتلىرىمىزنىڭ خاتىرىسىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت. موشۇ مۇناسىۋەت بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ باشلىغى سادىر جاپاروۋ قىرغىزستان خەلقىگە مۇراجىئەت قىلدى.

پرېزىدېنت ئۆز سۆزىدە مۇنداق دېدى: «خەلقىمىز بېسىپ ئۆتكەن شانلىق يولنى ئەسلەش ۋە ھۆرمەتلەش، ئۆزىمىز قولغا كەلتۈرگەن ئىشلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش بىلەن بىللە ، توغرا ساۋاقلارنى ئۆگىنىشىمىز ۋە كەلگۈسى ئۈچۈن ئۇلۇغۋار نىشانلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز كېرەك. بىزنىڭ مۇقەددەس مەجبۇرىيىتىمىز ـ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ شان ـ شەرەپلىك ئۇتۇقلىرىغا ھۆرمەت قىلىش، ئۇلار ئەركىنلىك ئىدىيەسىنى يۇقىرى كۆتەرگەن، ھەر خىل يوللار بىلەن ئېرىشكەن مۇستەقىل دۆلەتنى قوغداش ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن ئۇنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈش. بىز چوقۇم ئىتتىپاقلىق بايرىغىنى كۆتۈرۈشىمىز كېرەك. ئۆزىمىزنى ئەسىرسىز ھېكمەتكە چۆمدۈرەيلى، ئۆلمەس ھەقىقەتكە سىڭدۈرۈلگەن «تارىخسىز ئادەم يوق، يىلتىزسىز دەرەخ بولمىغىنىدەك» ۋە ئۇلۇق ئەجداتلارنىڭ ۋارىسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن تارىخىمىزنى ئۇلۇقلايلى».

موشۇ مۇناسىۋەت بىلەن قىرغىز رېسپۇبلىكىسىنىڭ دۆلەت كاتىبى سۇيۇنبېك قاسىمبېتوۋ "ئاتا ـ بېيىت" مازىرىغا بېرىپ گۈل چەمبىرەكلەرنى قويدى. ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇپ ھۆكۈمەت رەئىسىنىڭ ئورۇنباسارى ئېدىل بايسالوۋ، مەدەنىيەت، مالۇمات، سپورت ۋە ياشلار سەياسىتى بويىچە مىنىستىرى ئازامات جامانقۇلوۋ، دۆلەت باشلىغىنىڭ چۈي ۋىلايىتىدىكى ۋەكىلى ئېركىن تېنتىمىشېۋ ۋە كۆرۈنەرلىك دۆلەت ئەرباپلىرى مېدېتقان شېرېمكۇلوۋ ۋە ئاپاس جۇماگۇلوۋلار قاتناشتى.

قىرغىزستاندا تارىخ ۋە ئەجداتلارنى ئەسلەش كۈنلىرى 2018 ـ يىلدىن باشلاپ خاتىرلىنىمەكتە.

«ئازاتتىق» رادىئو



# ҚИРҒИЗСТАН УЙҒУРЛИРИ Д У Қ РӘҺБӘРЛИРИ БИЛӘН ТОР АРҚИЛИҚ КӨРҮШТИ ВӘ ИККИ ЖУМҺУРИЙӘТ БАЙРИМИНИ ХАТИРЛИДИ

21-ноябрь күни Қирғизстан пайтәхти Бишкек шәһиридә Дуния Уйғур Курултейиниң 7-нөвәтлик курултейиниң роһини йәткүзүш бойичә чоң жиғини ечилди. (Курултай бу жил 12-14-ноябрь күнлири Чехия пайтәхти Прагада өтти). Бу жиғинға Дуния Уйғур Курултейиниң 7-нөвәтлик курултейиға Қирғизстандин тор арқилиқ қатнашқан вәкилләр, Бишкек шәһири вә униң әтраплиридики йеза-қишлақлардики уйғур жамаәтчилигиниң вәкиллири болуп, 200 дин артуқ киши қатнашти.

Мәзкур жиғин үч муһим күнтәртиптин тәшкил тапқан болуп, Д У Қ рәһбәрлири билән син арқилиқ учришиш, Д У Қ 7-нөвәтлик курултейиниң роһини Қирғизстандики уйғур жамаитигә йәткүзүш вә икки қетимлиқ Шәрқий Түркистан жумһурийәтлири байримини хатирләштин ибарәт.

Мәзкур жиғин Розимуһәммәт Абдулбақиев вә Әкбәржан Бавдуновларниң риясәтчиликлиридә елип берилди.

Жиғин алди билән Қирғизстан жумһурийитиниң дөләт марши билән Шәрқий Түркистанниң миллий маршини оқуш билән башланди, андин әркинлик йолида вапат болғанларға атап хәтмә-қуръан оқулди.

Жиғин давамида синлик экран арқилиқ Д У Қ рәһбәрлири билән учришиш вә сөһбәтлишиш елип берилди. Д У Қ рәһбәрлиридин Долқун Әйса, Әркин Әкрәм, Зубәйрә Шәмсидин, Пәрһат Муһәммиди, Өмәр Қанат, Турғунжан Алавудун, Сәмәт Абла қатарлиқ кишиләр нәқ мәйдандикиләргә өз саламлирини йоллиди. Андин ДУҚниң йеқинқи паалийәтлири вә 7-нөвәтлик курултейиниң нәтижилири тоғрисида мәлумат бәрди. Д У Қ рәиси Долқун Әйса әпәнди өз сөзидә Қирғизстан уйғурлириниң миллий дава вә миллий кимлигини сақлаш йолидики тиришчанлиқлириға жуқури баһа бәрди. Қирғизстанда нәшир қилинидиған «Иттипақ» гезитиниң Д У Қ ниң паалийәтлирини Оттура Асияда кәң түрдә тәшвиқ қилип келиватқан бир мәтбуат екәнлигини тәкитләп өтти.

Шуни тәкитләп өтүш керәкки, Қирғизстандики уйғур жамаити корона вируси сәвәбидин Д У Қ ниң паалийәтлиригә толуқ қатнишалмиған болсиму, әмма өзлириниң имканийәтлири яр бәргән даиридә түрлүк синлик учришишларни уюштуруп кәлмәктә. Бирничи қетимлиқ синлик учришишта «Иттипақ» жәмийити мәркизий кеңәшниң 30 әзаси қатнашқан болса, бу қетим 300 дин ошуқ киши ДУҚ рәһбәрлири билән өткүзүлгән синлик көрүшүшкә қатнашти.









Мәзкур жиғин давамида йәнә тарихтики икки жумһурийәт байрими хатирләнди. Риясәтчи Әкбәржан Бавудунов икки жумһурийәт һәққидә мәхсус доклад бәрди. Ихтиярий сөзгә тәклип қилинған Ново-Покровка мәһәллисиниң жигитбеши Ғәйрәт Жаһанов 1940-жилларниң иккинчи йеримидики Шәрқий Түркистан жумһурийити мәзгилини әсләп, өз тәсиратлирини жиғин әһли билән ортақлашти.

Мәзкур жиғинға сабиқ миллий армия жәңчиси Аблимит Бәкри әпәндиму қатнашқан болуп, у Д У Қ рәһбәрлири билән синлик көрүшкәнлигидин толиму һаяжанланғанлиғини, шундақла өзиниң үмүтлирини изһар қилди.

Бүгүнки күндә Қирғизстан пайтәхти Бишкек шәһири вә униң әтрапидики йеза-қишлақларда яшайдиған уйғур жамаити арисида 1940-жиллардики миллий азатлиқ инқилабиға қатнашқан сабиқ миллий армия жәңчилиридин пәқәтла Аблимит Бәкри әпәнди һаят яшимақта. «Иттипақ» жәмийитиниң рәиси Әскәр Қасими уйғур жамаити намидин сабиқ миллий армия жәңчиси Аблимит Бәкригә миллий уйғур допписини вә тонини соға қилди.

Ново-Покровка мәһәллиси аяллар кеңишиниң рәиси Әсиям ханим радиомиз зияритини қобул қилип, Қирғизстандин бу қетимлиқ Д У Қ ниң курултейиға тор арқилиқ қатнашқан вәкилләргә, өз тәшәккүрлирини билдүрди. У «Иттипақ» жәмийити Аяллар комитети намидин совғатлар тапшурғанлиғини билдүрди.

Йеқинқи жиллардин буян, Қирғизстандики уйғур жамаити уюштурған паалийәтләргә вә һәр хил жиғин-мурасимлириға көп санда кишиләрниң келип қатнишиватқанлиғи мәлум. Бу дөләттә яшаватқан уйғурлар өз миллитиниң тәғдиригә, жумлидин тарихий вәтини — Шәрқий Түркистанниң нөвәттики сәясий вәзийиткә йеқиндин диққәт қилмақта.

Қирғизстандики уйғурлар асасән дегүдәк пайтәхт Бишкәк шәһири вә униң әтрапидики йеза-шәһәрләргә маканлашқан болуп, уларниң көп қисми 1955-1962-жиллири уйғур елидин көчүп кәлгәнләр вә уларниң бүгүнки әвлатлиридур.

**Ферузә.**

*Абдурәһим Һапизи фотоси*

**Иттипак**

**Главный редактор:** باش مۇھەررىر:
*Зумрат Рузиева* زۇمرەت رۇزىيېۋا

**Зам. редактора:** مۇئاۋىن مۇھەررىرلەر:
*Акбаржан Баудунов* ئەكبەرجان باۋۇدۇن
*Абдурахим Хапизов* ئابدۇرەخىم ھاپىزى

**Редколлегия:** تەھرىر ھەيئىتى
*Музаппархан Курбанов* مۇزەپپەرخان قۇربانوۋ
*Мухаммеджан Ясынов* مۇھەممەتجان ياسىنوۋ
*Осман Турдиев* ئۇسمان تۇردىيېۋ

**Дизайнер - верстальщик:** دىزايىنېرى - ۋېرستالشىكى:
*Зумрат Рузиева* زۇمرەت رۇزىيېۋا

**Набор текста:** تېكىستنى نابور قىلغان:
*Зайтуна Рузиева* زەيتۇنەم رۇزىيېۋا

Материалы, опубликованные в газете, являются собственностью редакции. Письма, рукописи не рецензируются и не возвращаются. Авторы опубликованных материалов несут ответственность за подбор и точность приведенных фактов. Редакция может публиковать статьи в порядке обсуждения, не разделяя точку зрения автора. Отвественность за содержание статей и рекламы редакция не несет.

گېزىتىمىز سەھىپىلىرىدىكى ماتېرىئاللارنىڭ جاۋاپكەرلىگى مۇئەللىپ ئۈستىدە.

**Учредитель:**
**Общественное объединение уйгуров «Иттипак» Кыргызской Республики**

ساھىبى:
«ئىتتىپاق» جەمئىيىتى

**Свидетельство о перерегистрации 682, серия ГРП, номер 000833 Министерство юстиции КР**

**Отпечатано в типографии «Центр поддержки СМИ». Заказ №1472, тираж 3300**

**г. Бишкек, АНК, Дом Дружбы, ул. Пушкина, 78 инд. :720040**

**Тел.: 62-04-50 66-40-04**

## د ئۇ ق 7-نۆۋەتلىك ئومۇمىي ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى پراگادا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى



11-نويابىر كۈنى د ئۇ ق نىڭ 7-نۆۋەتلىك ئومۇمىي ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىش ئۈچۈن دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدىكى 25 دۆلەتتىن كەلگەن ئۇيغۇر ۋەكىللەر ۋە چەت ئەللىك شەرەپ مېھمانلىرى چېخىيە پايتەختى پراگا شەھرىدىكى گراندئور مېھمانخانىسىغا جەم بولدى. چۈشتىن كېيىن سائەت 18:00 دىن باشلاپ مېھمانخانىنىڭ چوڭ زالىدا «ئۇيغۇر ئاۋازى رەسىم كۆرگەزمىسى»، «ئۇيغۇر ئاۋازى كىتاب يەرمەنكىسى» پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلۇش بىلەن بىرگە، 7-قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

د ئۇ ق نىڭ 7-نۆۋەتلىك ئومۇمىي ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا د ئۇ ق پروگرامما يېتەكچىسى زۇمرەتئاي رىياسەتچىلىك قىلدى. مۇراسىمدا د ئۇ ق رەئىسى دولقۇن ئەيسا، چېخىيە پارلامېنتى كېڭەش پالاتاسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جىرى ئوبېرفالتىسر، گېرمانىيە پارلامېنت ئەزاسى روزىن مىللار، تۈركىيەلىك ئادۋوكات ئىلياس دوغان، چېخىيەدىكى «مۇنبەر 2000» نىڭ ئىجرائىيە مۇدىرى ياكوب كىلېپال، تۈركىيە پارلامېنت ئەزاسى مېتىن كېسەر قاتارلىقلار نۇتۇق سۆزلەپ، 7-قۇرۇلتايغا ئۇتۇقلار تىلىدى ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خىتاي ئاسارىتىدىن، جازا لاگېرلىرىدىن تېزراق قۇتۇلۇپ، ئەركىنلىك، ھۆرلۈكتىن ئىبارەت ئەقەللىي ھەقلىرىگە بىر قەدەم بولسىمۇ بالدۇرراق ئېرىشىشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈردى. يەنە بىر قىسىم شەرەپ مېھمانلىرىمۇ مۇراسىمدا سۆز ئېلىپ، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن يۈرگۈزۈۋاتقان «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» ۋە «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» لىرىنى قاتتىق ئەيىبلىدى.

ئەكرەم

## د ئۇ ق 7-نۆۋەتلىك ئومۇمىي قۇرۇلتىيىنىڭ ئىككىنچى كۈنىدە 4 يىللىق خىزمەتلەردىن دوكلات بېرىلگەن




قۇرۇلتاي كۈنتەرتىپى بويىچە، بۈگۈنكى يىغىنغا د ئۇ ق نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دوكتور ئەركىن ئەكرەم رىياسەتچىلىك قىلغان. ئالدى بىلەن د ئۇ ق نىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان ئەركىن ئالپتېكىن، ئەسقەر جان، فەرۇق سادىقوف قاتارلىق پېشقەدەملەرنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈلۈپ، تەقدىرنامە بېرىلگەن. ئاندىن د ئۇ ق رەئىسى دولقۇن ئەيسا 2017-يىلدىن بۇيانقى قۇرۇلتاينىڭ 4 يىللىق خىزمەتلىرىدىن ئومۇمىي دوكلات بەرگەن.

قۇرۇلتاينىڭ كۈنتەرتىپى بويىچە د ئۇ ق رەئىسى دولقۇن ئەيسانىڭ ئومۇمىي دوكلاتىدىن كېيىن، د ئۇ ق نىڭ ئىجرائىيە رەئىسى ئۆمەر قانات ئەپەندى د ئۇ ق ئىجرائىيە كومىتېتى تەركىبىدىكى ھەرقايسى كومىتېتلارنىڭ 4 يىللىق خىزمەتلىرىدىن دوكلات بەرگەن. د ئۇ ق نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى پەرھات مۇھەممىدى د ئۇ ق تەركىبىدىكى تەشكىلاتلارنىڭ خىزمەتلىرىدىن دوكلات بەرگەن. د ئۇ ق فوندىنىڭ مالىيەگە مەسئۇل خادىمى ئابدۇجېلىل ئەمەت ئەپەندى د ئۇ ق نىڭ 4 يىللىق كىرىم-چىقىم ئەھۋالىدىن دوكلات بەرگەن. د ئۇ ق نىڭ باش تەپتىشى ئابلىكىم ئىدرىس ئەپەندى د ئۇ ق نىڭ 4 يىللىق تەپتىش خىزمەتلىرىدىن دوكلات بەرگەن.

ئىگىلىنىشىچە، د ئۇ ق نىڭ 7-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدىن 200 نەپەردىن ئارتۇق ۋەكىل بىۋاستە قاتناشقان. ئۇنىڭدىن باشقا قۇرۇلتايغا بىۋاستە كېلەلمىگەن ئامېرىكا، ياۋروپا ئەللىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى ۋەكىللەر تور ئارقىلىق قاتناشقان.

7-نۆۋەتلىك قۇرۇلتاينىڭ بۈگۈنكى ئىككىنچى كۈنىدە دوكلات بېرىش كۈنتەرتىپى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، قۇرۇلتايغا بىۋاستە ۋە تور ئارقىلىق قاتنىشىۋاتقان ۋەكىللەر د ئۇ ق نىڭ يېڭى نۆۋەتلىك رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى سايلاپ چىقىش ئۈچۈن دېموكراتىك ئۇسۇلدا بېلەت تاشلىغان. نەق مەيداندىن ئىگىلىشىمىزچە، بۈگۈنكى سايلامنىڭ نەتىجىسى ئەتە، يەنى 11-ئاينىڭ 14-كۈنى ئېلان قىلىنىدىكەن.

قۇتلان

## د ئۇ ق نىڭ 7-نۆۋەتلىك ئومۇمىي ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئىككى جۇمھۇرىيەتنىڭ خاتىرە كۈنىدە باشلاندى



11-ئاينىڭ 12-كۈنى 1933-يىلى، قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ۋە 1944-يىلى، قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ خاتىرە كۈنى بولۇپ، د ئۇ ق نىڭ 7-نۆۋەتلىك ئومۇمىي ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى دەل مۇشۇ خاتىرە كۈنىدە چېخىيە پايتەختى پراگادا ئىستىقلال مارشى بىلەن باشلاندى. يىغىنغا د ئۇ ق ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئۆمەر قانات ئەپەندى رىياسەتچىلىك قىلدى. د ئۇ ق رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندى باشلىنىش نۇتۇقى سۆزلىدى. د ئۇ ق نىڭ قۇرغۇچى ئەزاسى ۋە سابىق رەئىسى ئەركىن ئالپتېكىن ئەپەندى دولقۇن ئەيسادىن كېيىن تەكلىپكە بىنائەن سۆزگە چىقىپ، د ئۇ ق نىڭ تارىخى ۋە نۆۋەتتىكى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتتى.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايغا 150 ۋەكىلنىڭ بىۋاستە قاتنىشىدىغانلىقى، قالغان ۋەكىللەرنىڭ تور ئارقىلىق ئىشتىراك قىلىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، 25 دۆلەتتىن 200 دىن ئارتۇق ۋەكىل پراگاغا يېتىپ كېلىپ، يىغىنغا قاتناشقان ئىدى. يىغىندا چېخىيە كېڭەش پالاتاسى تاشقى ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى پاۋېل فىشىر، ئامېرىكا خەلقئارا دىنىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نۇرى تۈركەل، باۋارىيە پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى ماركوس، ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى ماركىتا گىرىگورىۋا، فرانسىيە پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى فرىدېرىك دوما، كانادا پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى سامىر زۇبەيرى، تۈركىيە پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى ئۈمىد ياردىم قاتارلىق خانىملار ۋە ئەپەندىلەر نۇتۇقلار سۆزلەپ، خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق سەياسەتلىرىنى ھەرخىل نۇقتىلاردىن قاتتىق تەنقىدلەپ ئۆتتى ھەمدە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە بولغان ھېسداشلىقلىرىنى ئىپادە قىلىشتى. زال ئىچىدە گۈلدىراس ئالقىش سادالىرى ئۈزۈلمىدى.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايغا يەنە ئامېرىكا، كانادا، ئەنگلىيە ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى بىر قىسىم داڭلىق سەياسىي شەخسلەر سىن كۆرۈنۈشى ئارقىلىق سالاملىرىنى ئەۋەتىپ، 7-نۆۋەتلىك د ئۇ ق نىڭ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈرگەن ئىدى.

د ئۇ ق 7-نۆۋەتلىك قۇرۇلتاينىڭ باشلىنىش كۈنى بولغان 12-نويابىرنى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا بېغىشلىغان ئىدى. يىغىن كۈنتەرتىپىگە ئاساسلانغاندا، بۈگۈن «جازا لاگېرلىرى قۇربانلىرىنىڭ ساداسى»، «خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقى: پاكىتلار، قىيىنچىلىقلار ۋە ئەخلاقىي مەجبۇرىيەتلەر»، «خىتاينى قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىش»، «خىتاينىڭ دىكتاتورلۇق خىرىسلىرىغا قارشى سەياسەتلەر» دېگەندەك تېمىلاردا دوكلاتلار تەقدىم قىلىش، مۇھاكىمىلەر ئېلىپ بېرىش پائالىيەتلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. بۇ پائالىيەتلەرگە 4 نەپەر لاگېر شاھىدلىرى قاتناشقاندىن سىرت، ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى 22 نەپەر داڭلىق تەتقىقاتچىلار، مۇتەخەسسىسلەر ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلىنغان ئىدى.

ئەكرەم

## دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ يېڭى نۆۋەتلىك رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى سايلاپ چىقىلدى




14-نويابىر كۈنى د ئۇ ق نىڭ 7-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى دېموكراتىك ئۇسۇلدا سايلام ئېلىپ بارغان. سايلام نەتىجىسىدە د ئۇ ق نىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى سايلاپ چىقىلغان.

د ئۇ ق نىڭ ئالدىنقى نۆۋەتلىك رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندى مۇتلەق يۇقىرى ئاۋاز، يەنى جەمئىي 198 ئاۋاز بىلەن د ئۇ ق نىڭ يەنە بىر نۆۋەتلىك رەئىسلىكىگە سايلانغان. بۇ قېتىمقى سايلامدا دوكتور ئەركىن ئەكرەم 156 ئاۋاز بىلەن، زۇبەيرە شەمسىدىن خانىم 135 ئاۋاز بىلەن، پەرھات مۇھەممىدى 101 ئاۋاز بىلەن د ئۇ ق نىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلانغان.

بۇ قېتىمقى سايلامدا د ئۇ ق نىڭ ئىجرائىيە كومىتېتى ساقلاپ قېلىنغان. ئۆمەر قانات ئەپەندى 172 ئاۋاز بىلەن ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغان. سەمەت ئابلا، ئىلشات ھەسەن، تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن، ئەركىن ئەخمەتوف قاتارلىق 4 كىشى د ئۇ ق ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلانغان. پەرھات ياقۇپ باش تەپتىشلىككە سايلانغان. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ قېتىملىق سايلام جەريانىدا يەنە د ئۇ ق نىڭ تەركىبىدىكى ھەرقايسى كومىتېتلارنىڭ مەسئۇل خادىملىرىمۇ سايلاپ چىقىلغان.

د ئۇ ق نىڭ 7-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى، خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش ۋە زۇلۇملىرى يەنىمۇ كۈچەيگەن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدە ئۇيغۇرلارغا بولغان ھېسداشلىق ۋە قوللاشلار ئەۋجىگە چىقىۋاتقان، شۇنداقلا دۇنيا جامائىتى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان «ئىرقىي قىرغىنچىلىقى» ۋە «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» لىرىنى كەسكىن ئەيىبلەۋاتقان بىر پەۋقۇلئاددە مەزگىلدە ئۆتكۈزۈلدى.

د ئۇ ق نىڭ يېڭىدىن سايلانغان رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى سايلام ئاخىرلاشقاندىن كېيىن زىيارەتنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسىدىكى 4 يىل جەريانىدا مۇرنى مۇرىگە تىرەپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھۆرلۈك ئىرادىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

قۇتلان

# Успешно завершился VII отчётно-выборный Курултай Всемирного Уйгурского Конгресса в Праге

Успешно завершился VII отчётно-выборный курултай Всемирного Уйгурского Конгресса в г. Прага. Очередной, VII курултай Всемирного Уйгурского конгресса (ВУК) состоялся 12 ноября этого года в столице Чешской Республики Праге. По составу и по географическому охвату нынешний состав делегатов курултая должно бы быть рекордным за всю историю проведения курултаев Конгресса. К нашему глубокому сожалению этого не случилось из-за причины пандемии коронавируса. Заявленные делегаты и кандидаты на участие VII курултая конгресса из республик Центральной Азии, России, Австралии и Японии из-за закрытости границ не смогли участвовать на курултае данного Конгресса. Но, несмотря на это, не поехавшие на данный Конгресс делегаты и кандидаты вышеназванных стран смогли участвовать в работе Конгресса в онлайн-режиме. В ноябре 2017 года, на VI Курултае ВУК, состоявшийся в г.Мюнхен (Германия) председателем был избран Долкун Айса. На прошедшем VII курултае ВУК, он вновь был избран председателем ВУК на второй срок. Председателем Исполнительного комитета ВУК также вновь избран Омар Канат. Были избраны заместители председателя ВУК, заместители председателя Исполнительного комитета ВУК, Ревизионная комиссия и избраны составы комитетов структур ВУК. Как известно, ВУК был создан в 2004 году по инициативе уйгурских патриотов, живущих за рубежом. Главной целью и задачами в деятельности ВУК являются на конкретных фактах информировать международную общественность о грубых нарушениях национальных, культурных и религиозных прав уйгуров и других национальных меньшинств Синьцзян-Уйгурского автономного района (СУАР) со стороны властей Китая и разоблачение на фактах ассимиляторскую политику Китая в отношении народов этого автономного края. ВУК в своей деятельности на международной арене строгое опирается на методы и принципы дипломатической борьбы путем решения вопросов и проблем мирными способами, согласно основополагающим принципам Декларации прав человека провозглашённая ООН 10 декабря 1948 года и Уставу ООН. У ВУК нет своих вооруженных боевиков, религиозных экстремистов и убийц - смертников, которые совершали бы теракты в отношении дипломатических представительств и иных представительств и учреждений Китая за рубежом. Всего этого нет в арсенале деятельности ВУК. ВУК - это международная организация уйгуров, официально признанная международным демократическим сообществом, международными организациями по правам человека и ведущими демократическими государствами мира. И всё это не дает покоя официальным властям Китая, так как они хотели бы видеть в лице уйгуров террористов, религиозных экстремистов и экстремистов всех мастей. Но все эти потуги и действия Китая на международной арене представить уйгуров в отрицательном свете встречает решительный отпор и обречены на провал. На сегодняшний день Уйгурский вопрос перестал быть «внутренним делом» Китая, и этот вопрос стал широко обсуждаемым в мировой демократической общественности. В заключение хочется подчеркнуть то, что рейтинг деятельности ВУК на международной арене неуклонно растёт, и мы это воочию увидели в дни проведения курултая ВУК, где с приветственными и поздравительными речами в адрес ВУК выступили видные государственные и общественные деятели, сенаторы и конгрессмены США, члены Европарламента, члены парламентов Англии, Германии, Турции, Чехии, Канады, Франции, Бельгии, видные адвокаты, политологи, юристы, журналисты, правозащитники, мэр г. Праги и другие видные государственные и общественные деятели зарубежных стран.

**Абдурахим Хапизов,**
*магистр политических наук*

# Дуния уйғур қурултейиниң Қазақстандики вәкиллири йеңи хизмәт планлирини түзди



Дуния уйғур қурултейиниң Қазақстандики вәкиллири нөвәттә бежиридиған иш-планлирини муһакимә қилди. Мәлумки, бу жил 12-14-ноябрь күнлири Чехия пайтәхти Прагада Дуния уйғур қурултейиниң 7-нөвәтлик вәкилләр курултейи болуп өткән еди. Униңға 25 мәмликәттин 200 дин ошуқ вәкил беваситә қатнашқан болуп, қалғанлири, шу жүмлидин қазақстанлиқ вәкилләрдин 39 адәм тор арқилиқ иштирак қилған. 14-ноябрьда демократик усулда сайлам елип берилип, Д У Қ ниң йеңи нөвәтлик рәһбәрлик групписи сайлап чиқилди.

Хәвәрләргә қариғанда, Дуния уйғур қурултейиниң рәһбәрлик групписи тәркивидә қазақстанлиқларму бар.

Жүмлидин, Әркин Әхмәтов Дуния уйғур курултейи Ижрайә комитети рәисиниң орунбасари, Абдурәһим Курбанов баш тәптишниң орунбасари, Дилнара Қасимова Маарип комитетиниң мудири болуп сайланди. Шуниңдәк, Дуния уйғур қурултейиниң иккинчи мәртә сайланған рәиси Долкун Әйсә Қәһриман Ғожамбәрдини алий мәслиһәтчи қилип тәйинлиди.

Егилишимизчә, йеқинда Дуния уйғур қурултейиниң Қазақстандики вәкиллири бир йәргә жәм болуп, жиғин өткәзгән. Биз Дуния уйғур қурултейи маарип комитетиниң мудири, тилшунас доктор Дилнара Қасимова ханимни зиярәт қилдуқ. У миллий маарипниң уйғурлар үчүн биринчи орунда турған муһим мәсилиләрниң бири екәнлигини оттуриға қоюп, мундақ деди: «Әлвәттә, вәтәндин сирт маарип Қазақстандила сақлинип қалған. 63 уйғур вә арилаш мәктәпләрдә уйғур синиплири ечилмақта. Шу мәктәпләрни сақлап қелиш керәк. Мумкин қәдәр уларниң саниниму көпәйтиш қолимиздин келиду, дәп ойлаймән. Бу мошу йәрдә яшаватқан хәлиқниң биринчи вәзиписи дәп чүшәндүрүватимиз. Униңға Жумһурийәтлик уйғур мәдәнийәт мәркизи, Маарип фонди вә Евроазия уйғур академияси билән һәмкарлиқта ишларни елип баримиз. Курултай алдида болған Маарип комитети жиғинида ана тил мәктәплири үчүн оқуш китаплирини ишләп чиқиш тәләплири болған. Шу тәләпләргә бинаән йеқинда планларни муһакимә қилмақчимиз».

Дилнара Қасимова йәнә башқиму мәмликәтләрдә ечиливатқан уйғур синиплири үчүн оқуш қураллирини, методикилиқ қолланмиларни, луғәтләрни вә башқиларни ишләп чиқишниң муһимлиғини көрсәтти.

У Қазақстанға хошна Қирғизстан вә Өзбәкистан уйғурлириниң миллий маарип мәсилисигә тохталди.

Зияритимиз қобул қилған ДУҚ баш тәптишниң орунбасари Абдурәһим курбанов әпәнди Алмутида өткән Дуния уйғур курултейиниң Қазақстандики вәкиллири жиғинининиң мәзмуни һәққидә мундақ деди: «7-Дуния уйғур курултейиниң пакиз, сүзүк, демократик йолда өткәнлигини, сайланған рәислиримизни йәнә бир кетим тәбрикилдуқ. 2022-жили қилинидиған ишларни Қәһриман Ғожамбәрди вә Әркин Әхмәтов бизгә бөлүп бәрди. Дилнара Қасимова өзиниң тегишлик ишлирини бөлгиләп, ишләйдиғанлиғини билдүрди. Биз болсақ хәлиқара ишта бирлишип иш қилиш, урп-адәтлиримизни, мәдәнийитимизни, маарипимизни, тарихимизни сақлап қелиш, Қазақстан асасий қанунидин сиртқа чиқмаслиқ охшаш мәслиһәтләргә қалдуқ.»

Дуния уйғур қурултейиниң 7-нөвәтлик вәкилләр курултейиға Қазақстандин қатнашқанлар ичидә Алмута вилайитиниң Талғир, Әмгәкчиқазақ, Уйғур, Панфилов вә башқиму наһийә вә шәһәрлиридинму вәкилләрниңму болғанлиғи еник. Шуларниң бири уйғур наһийәсиниң турғуни Сәйдалим Амутов әпәнди Чехиягә бериш үчүн виза һөҗҗәтлириниң тегишлик органлар тәрипидин қобул қилинмай, барлиқ қазақстанлиқларниң беваситә курултайға қатнишиш имканийитидин мәһрум болғанлиғидин қаттиқ әпсусләнди вә шундақла Қазақстандики уйғурларниң ғәпләт уйқисидин ойғиниш вақтиниң кәлгәнлигини билдүрди.

Мәлуматлардин егилишимизчә, Қазақстан Оттура Асия бойичә уйғурлар әң көп олтурақлашқан жумһурийәт. Рәсмий мәлуматларға қариғанда, 300 миңға йеқин уйғур яшайдиған Қазақстанда миллий мәктәпләр, уйғур тилида гезит-журналлар, академия дәрижилик уйғур театри, көплигән уйғур тәшкилатлири вә башқилар мәвжут. Һазир қазақстанлиқ уйғурлар өзлириниң миллий қәдрийәтлирини сақлап қелиш үчүн һәр хил ишпаалийәтләрни жүргүзмәктә.

**Ойған**

## ئۇيغۇر رەھبەرلەر كارل گېرشماننىڭ ئۇيغۇر دەۋاسىغا قوشقان تۆھپىسى ئۈچۈن تون كىيدۈردى

30 ـ نويابىر كۈنى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ۋە ئۇيغۇر دەۋاسىنى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى قوللاپ كەلگەن ئامېرىكا دۆلەتلىك دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش فوندىنىڭ سابىق رەئىسى كارل گېرشمان ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇر دەۋاسىغا قوشقان تۆھپىسىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى.

باربارا خېيگ، ئامېرىكانىڭ ئاياللار ھوقۇقى مەسىلىلىرى بويىچە ب د ت دا تۇرۇشلۇق سابىق ئەلچىسى كەللىي كۇررىي خانىم، كوممۇنىزم قۇربانلىرى خاتىرە فوندى جەمئىيىتى باشلىقى ئاندرۇ بىرمىبېرگ، ئامېرىكا دىنىي ئەركىنلىك كومىتېتى مۇئاۋىن رەئىسى نۇرىي تۈركەل، تەيۋەن پارلامېنتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى



دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى ۋە ئۇيغۇر ھەرىكىتى تەشكىلاتىنىڭ ھەمكارلىقىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇ پائالىيەتتە كارل گېرشمان ئەپەندىنىڭ قىلغان خىزمەتلىرىگە ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر دەۋاسىغا قوشقان تۆھپىسىگە يۇقىرى باھا بېرىلدى.

كارل گېرشمان ئەپەندى 1984 ـ يىلى، ئامېرىكا دۆلەتلىك دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش فوندىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى باشلىغان بولۇپ، ئۇ يېقىندا پېنسىيەگە چىققۇچە بولغان پۈتكۈل خىزمەت ھاياتىنى كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيە ئىشلىرىغا بېغىشلىغان. كارل گېرشمان ئەپەندى ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ خەلقئارالىششى، سىستېمىلىششىشىدىمۇ ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. ئۇ ئامېرىكا ئۇيغۇر بىرلەشمىسى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى ۋە ئۇيغۇر ھەرىكىتى تەشكىلاتىغا تۇنجى بولۇپ مەبلەغ ئاجرىتىپ، ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ كۈچلىنىپ خەلقئارا مۇنبەرلەردە خىتاي ھۆكۈمىتىنى چۆچۈتكىدەك ھالەتتە باش كۆتۈرۈشىگە ئاساس ياراتقان.

پائالىيەتتە كىشىلىك ھوقۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش فوندى جەمئىيىتىنىڭ ھازىرقى رەئىسى دەيمىن ۋىلسون، مۇئاۋىن رەئىسى ئۆركەش دۆلەت، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى باشلىقى ئۆمەر قانات، ئۇيغۇر ھەرىكىتى باشلىقى روشەن ئابباس قاتارلىقلار سۆز قىلدى ۋە ئۇنىڭ خىزمىتىگە يۇقىرى باھا بەردى شۇنىڭدەك ئۇنىڭغا تەشەككۈرىنى بىلدۈردى.

كارل گېرشمان ئەپەندىنىڭ شەرىپىگە ئۆتكۈزۈلگەن بۇ پائالىيەتكە يەنە ئۇيغۇرلارغا يېقىندىن تونۇشلۇق بولغان ئەنگلىيە پارلامېنت ئەزاسى نۇسرەت غەنى خانىممۇ قەدەم تەشرىپ قىلدى.

پائالىيەتتە كارل گېرشمان ئەپەندىگە تون كىيدۈرۈلۈپ ئۇيغۇرلارنىڭ مىننەتدارلىقى يەتكۈزۈلدى. كارل گېرشمان ئەپەندىمۇ مىننەتدارلىقىنى ئىپادىلەپ سۆز قىلىپ، ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ ھەقلىق بىر دەۋا ئىكەنلىكىنى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۈگۈن ئۇيغۇرلارغا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى ۋە بۇنىڭ توختىتىلىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، ئۇيغۇر دەۋاسىنى داۋاملىق قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئالىم سېيىتوف

## روشەن ئابباس: «قىينى، ئۇ كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدىغۇچىلار؟»

12 ـ نويابىر كۈنى گېرمانىيەدىكى مەشھۇر گېزىتلەردىن بىرى بولغان «سۈرەتلەر» گېزىتى «بۇ ئايالنىڭ ھەدىسىنى ئىزدەۋاتقىنىغا 3 يىل بولدى» ناملىق بىر ماقالە ئېلان قىلدى. ماقالىگە «خىتايدا باستۇرۇشقا ئۇچراۋاتقان ئۇيغۇرلار» دېگەن قوشۇمچە ماۋزۇ ئىلاۋە قىلىنغان بولۇپ، ئامېرىكادىكى «ئۇيغۇر ھەرىكىتى» تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى روشەن ئابباس خانىم بۇ ماقالىنىڭ زىيارەت ئوبيېكتى بولۇپ تاللانغان ئىدى.

ماقالە مۇنداق باشلىنىدۇ: «2018 ـ يىلى بۇ دوختۇر ئايال خىتاينىڭ شىنجاڭ رايونىدا غايىپ بولغان. بۇنىڭغا ئۇنىڭ سىڭلىسى روشەن ئابباسنىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىپ، ئاتالمىش ‹قايتا تەربىيىلەش مەركىزى› گە تۇركۈملەپ قامىشىغا دىققىتىنى ئاغدۇرغانلىقى سەۋەب بولغان ئىدى». «‹ھېچكىم مېنى سوكۇتكە مەجبۇرلىيالمايدۇ. مېنىڭ ھەدەم قېنى؟ ئۇ ھازىرمۇ ھاياتمۇ؟ خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتى شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرى بىلەن شۇغۇللانماقتا› دېگەنلەرنى ‹سۈرەتلەر› گېزىتىگە بايان قىلدى، روشەن ئابباس خانىم».

«بۇ ئايالنىڭ ھەدىسىنى ئىزدەۋاتقىنىغا 3 يىل بولدى» ناملىق ماقالىدە روشەن ئابباس خانىم باش رول ئالغان «ھەدەمنى ئىزدەپ» ناملىق ھۆججەتلىك فىلىمنىڭ گېرمانىيەدە قويۇلۇشقا باشلىغانلىقى، روشەن ئابباسنىڭ 2020 ـ يىلى 12 ـ ئايغا كەلگەندىلا ھەدىسى گۈلشەن ئابباسنىڭ 2019 ـ يىلى 3 ـ ئايدا 20 يىللىق قاماق جازاسىغا مەھكۇم قىلىنغانلىقىدىن خەۋەر تاپقانلىقى، نۆۋەتتە گۈلشەن ئابباسقا ئوخشاش مىليونلىغان گۇناھسىز ئۇيغۇرلارنىڭ «تېررورلۇق، بۆلگۈنچىلىك، ئەسەبىيلىك» قالپاقلىرى بىلەن تۈرمىلەرگە ياكى جازا لاگېرلىرىغا بەنت قىلىنىۋاتقانلىقى ئەسكەرتىپ ئۆتۈلگەن ئىدى.

چېخىيە پايتەختى پراگادا 7 ـ نۆۋەتلىك د ئۇ ق يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان روشەن ئابباس خانىم مەزكۇر ماقالىنىڭ نەشر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلغاندا، ئۆزىنىڭ ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا «پۈتۈن دۇنيانىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئىگە چىقىشىنى ھەم دۇنيانىڭ ‹قايتا تەكرارلانمايدۇ› دېگەن ۋەدىسىدە تۇرۇشى» نى ئىزچىل تەلەپ قىلىپ كەلگەنلىكىنى تەكىتلىدى.

ماقالىدە، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ 1949 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستانى بېسىۋالغاندىن بۇيان ھەر تۈرلۈك سىياسىي ھەرىكەتلەرنى قوزغاپ، ئۇيغۇرلارغا زەربە



بېرىپ كەلگەنلىكى، روشەن ئابباس خانىمنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ 1966 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلغىچە قەدەر داۋام قىلغان «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە «ئەكسىلئىنقىلابچى» ئاتىلىپ 3 يىل «قايتا تەربىيە» ئېلىشقا مەجبۇرلانغانلىقى، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ خۇددى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ناتسىستلارغا ئوخشاش ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، بۈگۈنكى كۈندە مىليونلىغان ئۇيغۇرلارنى جازا لاگېرلىرىغا قاماپ، ئۇلارنى تىببىي تەجرىبە بويۇمىغا ئايلاندۇرىۋاتقانلىقى، ئاياللارغا خالىغانچە جىنسىي زوراۋانلىق قىلىۋاتقانلىقى، تۇتقۇنلارغا ھەر تۈرلۈك ئىنسانىيەتسىز مۇئامىلىلەردە بولۇۋاتقانلىقى بايان قىلىنغان.

روشەن ئابباس خانىم بۇ ھەقتە توختالغاندا، ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنىڭ نۆۋەتتە خەلقئارالىق بىر مەسىلىگە ئايلانغانلىقىغا قارىماي خىتاي زۇلۇمىنىڭ يەنىلا داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتىپ: «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھېلىمۇ داۋام قىلىۋاتىدۇ. بۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، بىزنىڭ مەسلىمىزنى تېخىمۇ كۈچەپ تەشۋىق قىلىشقا، تېخىمۇ زور خەلقئارالىق تەسىر يارىتىشقا ئېھتىياجىمىز بار» دېگەنلەرنى تىلغا ئالدى.

ماقالىنىڭ خاتىمىسىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ يەنىمۇ زور خەلقئارالىق قوللاشقا، ياردەمگە مۇھتاج بولۇۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان روشەن ئابباس خانىمنىڭ «قېنى، ئۇ ئاياللار ھوقۇقىنى ئىزدىگۈچىلەر؟ قېنى، ئۇ كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدىغۇچىلار؟» دېگەن خىتاپلىرىغا ئورۇن بېرىلگەن ئىدى. روشەن ئابباس خانىم بۇ خۇسۇستا پىكىر بايان قىلغاندا: «ھەدەم گۈلشەن ئابباس شەرقىي تۈركىستاندا ھەقسىز ھالدا زۇلۇمغا، زىيانكەشلىككە دۇچار بولغان مىليونلىغان ئىنسانلارنىڭ پەقەت بىرسى. مەن بۇ دەللىنى چۆرىدەپ تۇرۇپ، ئاخبارات ۋاستىلىرىغا پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستاندىكى ئېچىنىشلىق ۋەزىيەتنى تونۇشتۇرۇۋاتىمەن ھەم بۇ كۈرىشىمنى تاكى بىر خۇلاسىگە ئېرىشكەنگە قەدەر داۋاملاشتۇرىمەن» دېدى.

ئەكرەم

## د ئۇ ق رەئىسى دولقۇن ئەيسا لوگانو شەھەر باشلىقىدىن بېيجىڭ بىلەن بولغان «دوستلۇق مۇناسىۋىتى» نى ئۈزۈشنى تەلەپ قىلغان

3 ـ نويابىر كۈنى شىۋېتسارىيەدە نەشردىن چىقىدىغان «RSI» خەۋەرلەر قانىلى «ئۇيغۇر ۋەكىللەر ئۆمىكى لوگانودا» ناملىق بىر خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە د ئۇ ق رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندى باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر ۋەكىللىرىنىڭ لوگانو شەھرىنىڭ شەھەر باشلىقى فىلىپپو لومباردى ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ، لوگانو بىلەن بېيجىڭنىڭ «دوستلۇق مۇناسىۋىتى» نى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلغانلىقى سۆز بېشى قىلىنغان ئىدى. خەۋەردە مۇنداق دېيىلگەن: «3 ـ نويابىر (چارشەنبە) كۈنى، ئۇيغۇر ۋەكىللىرى لوگانو شەھەرلىك ھۆكۈمەتنى زىيارەت قىلدى. بىر سائەت ئەتراپىدا داۋام قىلغان غەيرىي رەسمىي سۆھبەتتە، ئۇيغۇر ۋەكىللىرى لوگانو شەھرىنىڭ بېيجىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. د ئۇ ق رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندى سۆھبەت ئەسناسىدا ‹لوگانونىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كىشىلەرگە يامان تەسىر بېرىدۇ. چۈنكى بېيجىڭ ھۆكۈمىتى بىزنىڭ مىللىتىمىز ئۈستىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىق



«2021 يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان د ئۇ ق رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندى، 3 ـ نويابىر كۈنى شىۋېتسارىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئاندېلى ئەپەندى بىلەن بىرگە شىۋېتسارىيەنىڭ لوگانو شەھرىگە بېرىپ، شەھەر باشلىقى فىلىپپو لومباردى ئەپەندى بىلەن كۆرۈشكەن ئىدى.

بۈگۈن لوگانودىن زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلغان دولقۇن ئەيسا ئەپەندى، ئالدى بىلەن بۇ قېتىمقى لوگانو زىيارىتىنىڭ جەريانى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتتى. دولقۇن ئەيسا ئەپەندى بۇ قېتىمقى زىيارەتتە ئۇيغۇرلار مەسىلىسىدىن يېتەرلىك خەۋىرى بولمىغان شەھەر باشلىقى فىلىپپو لومباردى ئەپەندىگە نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا داۋام قىلىۋاتقان «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» ۋە «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» توغرىسىدا تەپسىلىي چۈشەنچە بەرگەن.

شىۋېتسارىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئاندېلى ئەپەندى بۇ ھەقتە توختالغاندا، شەھەر باشلىقى فىلىپپو لومباردى ئەپەندى بىلەن بولغان بۇ سۆھبەتنىڭ ناھايىتى ياخشى ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى تىلغا ئالدى.

بۇ قېتىمقى سۆھبەت شىۋېتسارىيەنىڭ قەدىمىي مەدەنىيەت شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان لوگانودا نەشردىن چىقىدىغان ئىتالىيان تىلىدىكى ئاخبارات ۋاستىلىرىدا كەڭ تەشۋىق قىلىنغان. «تىچىنو پوچتا گېزىتى» 4 ـ نويابىر ئېلان قىلغان «لوگانو ئۇيغۇرلارغا ياردەم قىلالامدۇ؟ دەرىجىدىكى كىچىك شەھەر ئەمەس» ناملىق خەۋەرمۇ ئۇيغۇر ۋەكىللىرىنىڭ لوگانونىڭ شەھەر باشلىقى فىلىپپو لومباردى بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبەتكە بېغىشلانغان ئىدى.

ئېلىپ بارماقتا. بىز بۈگۈن سىلەرگە خەلقىمىز ئۇچراۋاتقان زوراۋانلىقلار توغرىسىدا مەلۇمات بەردۇق. بېيجىڭنىڭ جىنايەتلىرىگە دائىر دەلىللەر، خىتاينىڭ ھۆرمەت كۆزى بىلەن قاراشقا لايىق ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدۇ› دېگەنلەرنى تىلغا ئالدى.»

1 ـ ۋە 2 ـ نويابىر كۈنلىرى شىۋېتسارىيەنىڭ جەنۋە شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «جەنۋە مۇنبىرى

ئەكرەم

# «ТҮРК ДӨЛӘТЛИРИ ТӘШКИЛАТИ» НИҢ ҚУРУЛУШИ ХИТАЙНИ ӘНДИШИГӘ СЕЛИВАТИДУ

2009-жили Түркия, Әзәрбәйҗан, Қазақстан, Өзбәкистан вә Қирғизстан қатарлиқ түрк дөләтләр қурған «Түрк дөләтлири кеңиши» яки «түркий тиллиқ дөләтләр һәмкарлиқ кеңиши», бу жил 11-айниң 12-күни Түркияниң Станбул шәһиридә жиғин ечип, рәсмий намини «Түрк дөләтлири тәшкилати» дәп өзгәрткән.

Хитайниң «Йәр шари вақти гезити» дәрһал бу һәқтә бир обзор мақалисини елан қилип, «Түрк дөләтлири тәшкилати» ни район муқимлиғи үчүн тәһдит, дегән.

Мәзкур мақалида ейтилишичә, әслидики «Түрк дөләтлири кеңиши» ниң наминиң өзгәртилиши вә униңға әза дөләтләр саниниң артиши, бу бирликниң сәясий иттипақлиқ дәриҗисигә көтүрүлгәнлигидин дәрәк бериду.

Мақалида мундақ дейилгән: «Бу тәшкилатниң өз намини «Түрк дөләтлири тәшкилати» ға өзгәртиши пан-түркчилик идеологиясиниң қайтидин қәд көтүрүшини гәвдиләндүрмәктә. «Түрк» дегән бу нам әмәлийәттә бир тарихий уқум. Тарихтики «түрк» дегән бу уқум һазирқи Түркия вә бүгүнки түркий тилида сөзлишидиған дөләтләрдики хәлиқләрдин пәрқлиниду. Әнқәрәниң бу чүшәнчини базарға селишида сәясий нийәт вә сәясий арзуси бар. «Түрк» луқ уқумини тәшвиқ қилиш арқилиқ Әнқәрә хошна дөләтләр билән болған мунасивәтлирини йәниму күчәйтишни ойлайду. Әнқәрә йәнә өзиниң район вә хәлқарадики тәсири һәм орнини кеңәйтишкә тиришиду, әгәр мумкинчилик болса, Әнқәрә Түркияни ядро қилған сәясий вә һәрбий иттипақ түзүшни мәқсәт қилиду».

«Йәр шари вақти гезити» ниң обзор мақалисидә, «Түрк дөләтлири тәшкилати» ниң райондики миллий зиддийәтләрни күчәйтип, районниң муқимлиғи вә хәвпсизлигигә тәһдит пәйда қилидиған ашқун түрк милләтчиликни пәйда қилиши мумкинлигини, техиму муһими, бу тәшкилатниң Русийә билән Түркия оттурисидики риқабәт вә зиддийәтни күчәйтидиғанлиғини илгири сүргән.

«Йәр шари вақти гезити» ниң мақалисида йәнә уйғурларниң «түрк әмәслиги» ни қайта-қайта тәкитләп, мундақ дейилгән:

«Шинҗаң Уйғур автоном районидики уйғурларниң түркләр билән охшаш бир милләт екәнлиги тоғрисида асассиз сөзләрму бар. Бу пүтүнләй хата. Шинҗаң қәдимки дәвирләрдин буян көп милләтлик район болуп кәлгән. Уйғур хәлқи түркий тиллири аилисигә тәвә бир тилда сөзлишиду. Әмма уларниң Түркия билән һечқандақ бағлиниши йоқ. Хитай һәрвақит «Түрк дөләтлири тәшкилати» елип келидиған пантүркизм вә панисламизмлиқ мәпкуриләргә қарши һошиярлиқни сақлиши керәк. Бу хил пикир еқимлириниң тарқилиши Хитайни парчилашқа урунған бир қисим ашқун вә бөлгүнчи күчләрни илһамландуруши мумкин.»

Мәзкур мақалида Хитай иҗтимаий пәнләр академияси қаримиғидики Россия, Шәрқий Европа вә Оттура Асия тәтқиқат орниниң дотсентиЯң Җинниң сөзлиридин нәқилләр кәлтүрүлгән. Хитайниң «Түрк дөләтлири тәшкилати» ға қарита бундақ сәзгүр муамилидә болуши диққәт қозғайду.

**Ирадә**

## Чехиядики Америка баш әлчисиниң туралғусида «Уйғур мәдәнийити дипломатияси» паалийити өткүзүлди



Дуния Уйғур Қурултейиниң 7-нөвәтлик қурултейиға қатнишидиған вәкилләр Чехия пайтәхти Прагиға топланған.

12-ноябрь күни башлинидиған бу қетимлиқ қурултайға 25 дөләттин кәлгән 200 дин артуқ вәкил қатнишидиған болуп, улар Д У Қ ниң кәлгүси хизмәт планлирини музакирә қилиду һәмдә Д У Қ ниң йеңи нөвәтлик рәһбәрлик групписини сайлап чиқиду.

Қурултайниң һарписида Прагида илмий муһакимә жиғини, китап сетиш паалийити, көргәзмә, аммивий жиғин вә мәдәнийәт дипломатиясини өз ичигә алған түрлүк паалийәтләр орунлаштурулған.

10-ноябрь күни Американиң Прагида турушлуқ баш әлчисиниң бенасида өткүзүлгән «Уйғур мәдәнийити дипломатияси» намлиқ паалийәт бу қетимлиқ қурултай һарписидики әнә шу хил паалийәтләрниң биридур. Шу күни Чехиядә турушлуқ Америка баш әлчисиниң бенасидаөткүзүлгән бу паалийәткә Д У Қ рәһбәрлири, һәр қайси дөләтләрдин кәлгән уйғур паалийәтчилири вә сәясий активлири қатнашқан.

**Әкрәм**



## 12-ноябрь - «Шәрқий Түркистан җумһурийәт күни» дә дуниядики мәшһур қурулушлар уйғурлар үчүн көк рәңдә йорутулди




Йеқинқи бир қанчә жилдин буян Франциядә уйғурларни қоллаш үчүн елип берилған һәрикәтләр изчил давам қилип кәлмәктә.

Париж шәһириниң башлиғи Ан Һедалго 2-өктәбрь күни өзинң Твиттер суписида уйғурларни қоллайдиғанлиғини билдүрүп мундақ дәп язған: «Нурғун кишиләр бу шәнбә күни уйғурларни қоллап жүрүш қилиду, Париж шәһири зиянкәшликкә учриған уйғурлар билән бир сәптә туриду. Пат йеқинда Парижда бир уйғур өйи ечилиду.

12-ноябрь күни, йәни пүтүн дуниядики уйғурлар һәрхил шәкилдә җумһурийәт байримини қутлаватқан бү күндә Париж шәһәрлик һөкүмәт бинаси һәқиқәтәнму көк рәңдә йорутулған вә һөкүмәт бинасиниң темидики чоң экранға «Уйғурларға әркинлик» дегән хәтләр йезилған.

Европа уйғур институтиниң мәсули, Франциядики уйғурларни қоллаш паалийәтлирини тәшкиллигүчиләрниң бири Дилнур Рәйһан ханимниң билдүрүшичә, Париж шәһәрлик һөкүмәт Дилнур Рәйһан ханим, Европа парламентиниң әзаси, Франциялик Рафаил Гилукисмән вә униң ярдәмчиси Пийех Бүссийәх қатарлиқларниң тәшәббуси билән Париж шәһәрлик һөкүмәт бинасини Шәрқий Түркистан байриғиниң рәңги болған көк рәңдә бояшни қарар қилған.

Ахирида Дилнур ханим мундақ деди: «Пүтүн дуниядики уйғурлар кейинки қетимлиқ җумһурийәт байримимизни вәтинимиз тупрақлирида тәбрикләлишимиз үчүн қолни-қолға тутушуп, давамлиқ тиришишимиз керәк.»

**Нуриман**

# ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى 3 ـ ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىدا دوكتور ئادرىيان زېنز «شىنجاڭ ھۆججەتلىرى» دىكى يېڭى مەزمۇنلارنى ئاشكارىلىدى

27 ـ نويابىر كۈنى ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسىنىڭ 3 ـ نۆۋەتلىك ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىدا دوكتور ئادرىيان زېنز يېڭىدىن ئاشكارىلانغان «شىنجاڭ ھۆججەتلىرى» ھەققىدە مۇھىم دوكلات بەردى. مەزكۇر «شىنجاڭ ھۆججەتلىرى» بۇ يىل 9 ـ ئايدا كىملىكىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان بىر كىشى تەرىپىدىن «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» گە ئەۋەتىپ بېرىلگەن. نەتىجىدە كوللېگىيە ئەزالىرى بۇ ھۆججەتنىڭ راست ـ يالغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلارنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى تونۇلغان تەتقىقاتچى ئالىملاردىن دوكتور ئادرىيان زېنز، جەيمىس مىلۋارد ۋەداۋىد توبىنلارغا ئەۋەتكەن.

دوكتور ئادرىيان زېنزنىڭ ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسىنىڭ 3 ـ نۆۋەتلىك ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىدا كۆرسىتىشىچە، بۇ ھۆججەتلەر خىتاينىڭ مۇتلەق مەخپىي ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىكەن. ئۇ شۇنداقلا 2019 ـ يىلى نامسىز بىر ھۆكۈمەت ئەزاسى تەرىپىدىن نيۇ ـ ـ يورك ۋاقتى گېزىتىگە ئەۋەتىپ بېرىلگەن ۋە گېزىتتە «شىنجاڭ ھۆججەتلىرى» دېگەن نامدا ئېلان قىلىنغان ھۆججەتلەرنىڭ ئەينىسى بولۇپ، ئىلگىرى نيۇ ـ يورك ۋاقتى گېزىتى بۇ ھۆججەتلەرنىڭ ئاز بىر قىسمىنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، ئەسلى نۇسخىسىنى ۋە تولۇق مەزمۇنىنى ئېلان قىلمىغان.

ئادرىيان زېنزنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ھۆججەتلەر شى جىنپىڭ ۋە باشقا مەركىزى ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ بىر قانچە مۇھىم سۆزىنى، چېن چۈەنگو ۋە ئۇيغۇر رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ يوليورۇقلىرىنى، مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ تارىخ، دىن ۋە بىڭتۈەننىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك 3 پارچە ھۆججىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. 2014 ـ يىلىغا ئائىت ھۆججەتلەرنىڭ ئىچىدىكى بىرى «مەخپىيەتلىك دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى» دەپ دەرىجىلەنگەن بولۇپ، بۇ ئادەتتە خىتاينىڭ دۆلەت مەخپىيەتلىكى دەرىجىلىك ھۆججەتلىرىگە بېرىدىغان دەرىجىسى ئىكەن ۋە ئاشكارىلانغان تەقدىردە «دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مەنپەئەتىگە ئالاھىدە ئېغىر زىيان سالىدۇ» دەپ يېزىلغان ئىكەن. يىغىپ ئېيتقاندا بۇ خىتاي دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ «ئەڭ مەخپىي» بايانلىرى ئاساسىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ ئاممىغا ئاشكارىلانغان تۇنجى ئۆرنىكى ئىكەن. ئادرىيان زېنز بۇ ھۆججەتلەر ئارقىلىق شى جىنپىڭ ۋە باشقا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ بۇيرۇقلىرى ۋە يەرلىكتە يۈرگۈزۈلگەن سەياسەتلەر ئارىسىدىكى زىچ باغلىنىشنى كۆرۈۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئادرىيان زېنزنىڭ ئېيتىشىچە، ھۆججەتلەرنىڭ بىرىدە 2014 ـ يىلى شى جىنپىڭ ئۆزى ئۇيغۇر رايونلۇق ھۆكۈمەتكە دىنىي ئاشقۇنلۇق ۋە زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يەرلىك قانۇن نىزامى تۈزۈشكە ھوقۇق بەرگەن بولۇپ، نەتىجىدە «ئاشقۇنلۇققا قارشى تۇرۇش نىزامى» 2017 ـ يىلى 4 ـ ئايدا يولغا قويۇلغان ۋە بۇ كەڭ كۆلەملىك لاگېرغا قاماشقا ئاساس يارىتىپ بەرگەن.

ئادرىيان زېنزنىڭ ئېيتىشىچە، 2017 ـ يىلىدىكى ھۆججەتتە شى جىنپىڭ دىنىي ئاشقۇنلۇقنى «كۈچلۈك مەست قىلىش دورىسى» غا ئوخشاتقان ۋە «ئەگەر ئاشقۇنلۇق ئىدىيەسى يوقىتىلمىسا، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرى راك ھۈجەيرىسىگە ئوخشاش كۆپىيىدۇ» دېگەن. دەل مۇشۇ پەيتلەردە ئۇيغۇر ئېلىدا لاگېرلار يولغا قويۇلۇشقا باشلىغان ۋاقىت ئىكەن.

بۇ ھۆججەتلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغۇت نىسبىتىنى چەكلەش ھەققىدە شى جىنپىڭنىڭ بىۋاستە تەلىملىرى ئورۇن ئالغان بولۇپ، شى جىنپىڭ مەخپىي نۇتقىدا «نوپۇس نىسبىتى ۋە نوپۇس بىخەتەرلىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك تىنچلىق ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇھىم ئاساسى» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. ھۆججەتلەردە يەنە، ئۇيغۇر ئېلىدا خىتاي نوپۇسىنىڭ ئىنتايىن ئازلىقى، ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ئېغىر مونوپوللۇق ھالىتىگە خاتىمە بېرىپ، نوپۇسنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش لازىملىقى ھەققىدىكى سۆزلەرمۇ ئورۇن ئالغان.

ئادرىيان زېنز يىغىندىكى گۇۋاھلىق سۆزىدە مۇنداق دېدى: «بىز بۇ ھۆججەتلەر ئارقىلىق شىنجاڭدا يۈرگۈزۈلگەن نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى چەكلەش، نوپۇسنى ئەلالاشتۇرۇش سەياسەتلىرىنىڭ بىۋاستە ھالدا شى جىنپىڭنىڭ يوليورۇقلىرىغا باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ زور ئىشەنچ بىلەن دېيەلەيمىز».



ئادرىيان زېنز يىغىندىكى گۇۋاھلىق سۆزىدە ھۆججەتتىكى قايتا تەربىيە لاگېرلىرى، ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئەمگەكچىلەرنى مەجبۇرىي يۆتكەش، خىتاي تىلى مائارىپى ۋە ياتاقلىق مەكتەپلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش ھەققىدىكى يول ـ يورۇقلارنىمۇ تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئۇ خۇلاسە سۆزىدە «يېڭى ئىسپاتلار بىزنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نىشانى ھەققىدە ناھايىتى مۇھىم مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇ رايوندا يولغا قويۇلغان سەياسەتلەرنىڭ ھەرگىزمۇ يەرلىك سەياسەت ۋە ۋاقىتلىق سەياسەتلەر بولماستىن بەلكى مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ بىۋاستە ئورۇنلاشتۇرۇشىدىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىستراتېگىيە ئىكەنلىكىنى، بۇ سەياسەتلەرنىڭ پىلانلىغۇچىلىرىنىڭ شى جىنپىڭنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەركىزى ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. . .» دېدى.

ئادرىيان زېنز ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىدىكى سۆزىنى «خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا قارىتىۋاتقان يۇقىرىدىكىدەك سەياسەتلىرىنى خىتاي چۈشى، بىر بەلۋاغ ـ ـ بىر يول قۇرۇلۇشى قاتارلىق خىتاينى قۇدرەتلىك دۆلەت ھالىغا ئەپ كېلىشتەك غايىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ كاپالىتى، دەپ قارىغانلىقتىن قاچان شۇ غايىلىرى ئىشقا ئاشمىغۇچە بۇ ۋەھشىيلىكلىرىنىمۇ توختاتماي داۋام قىلىدىغانلىقىنى» نى ئەسكەرتىش بىلەن ئاياغلاشتۇردى.

3 ـ نۆۋەتلىك ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى ئاخىرىدا دوكتور ئادرىيان زېنز، جەيمىس مىلۋارد ۋە داۋىد توبىنلار يۇقىرىدىكى بۇ ھۆججەت ھەققىدىكى سوئاللارغا جاۋاب بەردى.

مەزكۇر ھۆججەتلەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ۋە تەرجىمىسى ئاساسىدىكى تولۇق دوكلات 29 ـ نويابىر دۈشەنبە كۈنى ئادرىيان زېنز تەرىپىدىن ئېلان قىلىندى ۋە ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى تور بېتىگە قويۇلدى. بۇ يېڭى ئىسپاتلار خەلقئارالىق ئاخباراتلاردىمۇ كەڭ ئورۇن ئېلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتىۋاتقان پىلانلىق ۋە سىستېمىلىق زىيانكەشلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بەردى.

ئىرادە

# Уйғур сот коллегияси 3-испат аңлаш жиғинида доктор Адриян Зенз «Шинҗаң һөҗҗәтлири» дики йеңи мәзмунларни ашкарилиди

27-ноябрь күни уйғур сот коллегиясиниң 3-нөвәтлик испат аңлаш жиғинида доктор Адриян Зенз йеңидин ашкариланған «Шинҗаң һөҗҗәтлири» һәққидә муһим доклад бәрди. Мәзкур «Шинҗаң һөҗҗәтлири» бу жил 9-айда кимлигини ашкарилашни халимиған бир киши тәрипидин «Уйғур сот коллегияси» гә әвәтип берилгән. Нәтиҗидә коллегия әзалири бу һөҗҗәтниң раст-ялғанлиғи вә униңдики мәзмунларни тәкшүрүш үчүн уни тонулған тәтқикатчи алимлардин доктор Адриян Зенз, Җеймис Милвард Вәдавид Тобинларға әвәткән.

Доктор Адриян Зензниң Уйғур сот коллегиясиниң 3-нөвәтлик испат аңлаш жиғинида көрситишичә, бу һөҗҗәтләр Хитайниң мутләқ мәхпий һөкүмәт һөҗҗәтлириниң бир қисми Екән. У шундақла 2019-жили намсиз бир һөкүмәт әзаси тәрипидин «Нью-Йорк вақти» гезитигә әвәтип берилгән вә гезиттә «Шинҗаң һөҗҗәтлири» дегән намда елан қилинған һөҗҗәтләрниң әйниси болуп, илгири «Нью-Йорк вақти» гезити бу һөҗҗәтләрниң аз бир қисмини елан қилған болсиму, әсли нусхисини вә толуқ мәзмунини елан қилмиған.

Адриян Зензниң ейтишичә, бу һөҗҗәтләр Ши Җинпиң вә башқа мәркизи һөкүмәт рәһбәрлириниң бир қанчә муһим сөзини, Чен Чүәнго вә Уйғур районлуқ һөкүмәтниң йол йоруқлирини, мәркизий һөкүмәтниң тарих, дин вә биңтүәнниң тәрәққиятиға мунасивәтлик 3 парчә һөҗҗитини өз ичигә алиду. 2014-жилиға аит һөҗҗәтләрниң ичидики бири «мәхпийәтлик дәриҗиси әң жуқири» дәп дәриҗиләнгән болуп, бу адәттә Хитайниң дөләт мәхпийәтлиги дәриҗилик һөҗҗәтлиригә беридиған дәриҗиси икән вә ашкариланған тәғдирдә «дөләтниң бехәтәрлиги вә мәнпәәтигә алаһидә еғир зиян салиду» дәп йезилған. Жиғип ейтқанда, бу Хитай дөләт рәһбәрлириниң «әң мәхпий» баянлири асасидики һөҗҗәтләрниң аммиға ашкариланған тунҗи өрниги. Адриян Зенз бу һөҗҗәтләр арқилиқ Ши Җинпиң вә башқа һөкүмәт әмәлдарлириниң буйруқлири вә йәрликтә жүргүзүлгән сәясәтләр арисидики зич бағлинишни көрүвалғили болидиғанлиғини ейтти.

Адриян Зензниң ейтишичә, һөҗҗәтләрниң биридә 2014-жили Ши Җинпиң өзи Уйғур районлуқ һөкүмәткә диний ашқунлуқ вә зораванлиққа қарши туруш мәсилисини һәл қилиш үчүн йәрлик қанун низами түзүшкә һоқуқ бәргән болуп, нәтиҗидә «ашқунлуққа қарши туруш низами» 2017-жили 4-айда йолға қоюлған вә бу кәң көләмлик лагерға қамашқа асас яритип бәргән.

Адриян Зензниң ейтишичә, 2017-жилидики һөҗҗәттә Ши Җинпиң диний ашқунлуқни «күчлүк мәст қилиш дориси» ға охшатқан вә «әгәр ашқунлуқ идеяси йоқитилмиса, террорлуқ һәрикәтлири рак һүҗәйрисигә охшаш көпийиду» дегән. Дәл мошу пәйтләрдә уйғур елида лагерлар йолға қоюлушқа башлиған.

Бу һөҗҗәтләрдә уйғурларниң туғут нисбитини чәклаш һәққидә Ши Җинпиңниң бивастә тәлимлири орун алған болуп, Ши Җинпиң мәхпий нутқида «нопус нисбити вә нопус бихәтәрлики узун муддәтлик тинчлиқ вә муқимлиқниң муһим асаси» дәп оттуриға қойған. Һөҗҗәтләрдә йәнә, уйғур елида хитай нопусиниң интайин азлиғи, уйғур нопусиниң еғир монополлук һалитигә хатимә берип, нопусни тәңпуңлаштуруш лазимлиғи һәққидики сөзләрму орун алған.

Адриян Зенз жиғиндики гуваһлик сөзидә мундақ деди: «биз бу һөҗҗәтләр арқилиқ Шинҗаңда жүргүзүлгән нопусниң көпийишини чәклэш, нопусни әлалаштуруш сәясәтлириниң бевасітә һалда Ши Җинпиңниң йолйоруқлириға бағлинишлиқ екәнлигини йәниму зор ишәнч билән дейәләймиз».

Адриян Зенз жиғиндики гуваһлик сөзидә һөҗҗәттики қайта тәрбийә лагерлири, ичкири өлкиләргә әмгәкчиләрни мәҗбурий йөткәш, хитай тили маарипи вә ятақлиқ мәктәпләрни омумлаштуруш һәққидики йол-йоруқлириму тонуштуруп өтти. У хуласә сөзидә «йеңи испатлар бизни хитай һөкүмитиниң нишани һәққидә наһайити муһим мәлуматлар билән тәминләйду. У районда йолға қоюлған сәясәтләрниң һәргизму йәрлик сәясәт вә вақитлиқ сәясәтләр болмастин бәлки мәркизи һөкүмәтниң бивастә орунлаштурушидики узун муддәтлик истратегийә екәнлигини, бу сәясәтләрниң планлиғучилирини Ши Җинпиңниму өз ичигә алған мәркизи һөкүмәт рәһбәрлири екәнлигини көрситип бериду. . .» деди.

Адриян Зенз сипат аңлаш жиғинидики сөзини «Хитай һөкүмити уйғурларға қаритиватқан жукиридикидәк сәясәтлирини хитай чүши, бир бәлвағ-бир йол қурулуши қатарлиқ Хитайни кудрәтлик дөләт һалитигә әпкелиштәк ғаилирини ишқа ашурушниң капалити, дәп кариғанлиқтин қачан шу ғаилири ишқа ашмиғучә бу вәһшийликлириниму тохтатмай давам қилидиғанлиғини» ни әскәртиш билән аяғлаштурди.

3-Нөвәтлик испат аңлаш жиғини ахирида доктор Адриян Зенз, Җәймис Милвард вә Давид Тобинлар жуқиридики бу һөҗҗәт һәққидики соалларға җаваб бәрди.

Мәзкур һөҗҗәтләрниң әсли нусхиси вә тәрҗимиси асасидики толук доклад 29-ноябрь дүшәнбә күни Адриян Зенз тәрипидин елан қилинди вә уйғур сот коллегияси тор бетигә қоюлди. Бу йеңи испатлар хәлқаралик ахбаратлардиму кәң орун елип, Хитай һөкүмитиниң уйғурларға қаритиватқан планлиқ вә системилиқ зиянкәшлигини йәнә бир кетим испатлап бәрди.

**Ирадә**

# Поэт. Просветитель. Учитель.

*(К 120-летию Мамтили Тавпика)*

В прошлом месяце мы знакомили читателей с ярким представителем уйгурской литературы – Абдухаликом Уйгуром, а в этом номере хотим отдать дань не менее значимому поэту Мамтили Тавпику, которому в этом году также исполнилось бы 120 лет.

К сожалению, мало, кто из современных читателей знаком с творчеством Мамтили Тавпика, в то время как имя Абдухалика Уйгура всегда на слуху. Не скрою, что и я познакомилась с творчеством Тавпика, лишь приступив к написанию кандидатской диссертации. Изучив много материалов о его жизни, проанализировав его произведения, я с уверенностью могу сказать, что наследие этого поэта стоит в одном ряду с именитыми классиками уйгурской литературы.

Полное имя поэта – Тавпик Мамтили Апанди Тохтажи, и родился он в 1901 году в селе Буямат Артушского района. Его отец был лекарем, который всегда хотел дать достойное образование своим сыновьям – Мамтили и Низамидину. Изначально мальчики учились в религиозной школе в родном селе, что было свойственно многим семьям того времени. Однако позже отец отдал детей в светскую частную школу.

Мамтили и Низамидин недолго проучились в этой школе, так как вскоре она была закрыта гоминьдановской администрацией. Мамтили был вынужден вернуться в родное село и помогать отцу, но время, проведенное в светской школе, навсегда запечатлелось в памяти будущего поэта и стало основополагающим фактором для развития и формирования его личности.

Тавпик, как и многие другие деятели, активно поддерживал просвещение уйгурского народа, более того он был основателем школ нового типа. Именно поэтому поэта называли достаточно смелым сторонником развития демократической культуры.

Юноша с детства был увлечен фольклором и классической уйгурской литературой. Этим круг его интересов ни в коем случае не заканчивался. Мамтили был разносторонним ребенком и благодаря своему усердию основательно изучал культуру среднеазиатских народов. Он с большим интересом читал произведения выдающихся представителей арабской и персидской литератур. Кроме этого Тавпик отличился хорошим музыкальным слухом, он умел играть на многих национальных инструментах, исполнял уйгурские народные песни.

В 1920 году вместе с отцом Мамтили отправился в отдаленные северные районы Восточного Туркестана, где с ужасом увидел несправедливое отношение к народу, беззаконие, безжалостную эксплуатацию и нищету тружеников. Всё это, конечно же, повергло его в шок. Однако такая жизнь не отпугнула будущего поэта, напротив, он хотел быть ближе к своему народу. Тавпик обосновался в городе Чугучак и освоил профессию парикмахера.

Спустя несколько лет в 1924 году в Кашгаре в результате заговора был убит известный ученый и просветитель Абдукадир Дамулла. Уйгуры тяжело переживали эту утрату, Тавпик, в свою очередь, следую примеру поэта Кутлука Шавки, откликнулся на смерть просветителя и написал стихотворение «Учились – превзошли», которое повесил над входом своей парикмахерской. В стихотворении со жгучей ненавистью осуждались крепостнические порядки и жестокая расправа с неугодными властям общественными деятелями.



Естественно, что такой смелый поступок не остался незамеченным. Тавпик оказался в немилости местных властей. Друзья поддержали поэта и посоветовали немедленно покинуть страну. Так, Мамтили оказался в Советском союзе.

Благодаря своему рвению к знаниям, уйгурский просветитель старательно изучает русскую культуру, впервые знакомится не только с творчеством русских классиков, но и с произведениями многонациональной советской культуры. Вскоре Тавпик уехал в Москву, где с легкостью поступил в университет народов Востока. Проучившись два года, поэт отправился в Турцию и устроился работать в стамбульскую школу по подготовке учителей. Целеустремленность и жажда знаний не позволяла поэту сидеть на месте, вскоре он стал учеником и с отличием окончил школу. Еще какое-то время Тавпик трудился в Турции сельским учителем, однако он никогда не забывал о своей родине.

В 1932 году Мамтили вернулся в родные края для благой цели. С помощью прогрессивной общественности просветитель начал работу по созданию школ европейского типа, благо он набрался хорошего опыта в СССР и Турции. Было очевидно, что властям не нравилась такая политика, и Тавпику пришлось прибегнуть к материальной помощи народа. Собрав необходимые средства, поэт открыл двухмесячные курсы по подготовке учителей. Окончив данные курсы, учителя пропагандировали светское образование среди народа. Почти в каждом селе Артушского района были открыты школы нового типа, в которых обучалось более десяти тысяч человек. Просвещение не прошло и мимо взрослых, которые с удовольствием записывались в вечерние школы.

Так, с 1933 г. по 1936 г. более 70% населения Артушского района овладело грамотой. Наряду с мальчиками учились и девочки, многие женщины стали учительницами. И это было несомненным успехом, особенно в тех условиях, когда ислам играл доминирующую роль в общественной жизни народа.

Такие просветительские движения и новые начинания в народном образовании встречали ожесточенное противодействие местных властей и феодалов, ведь они понимали, что светское образование повысит политическое сознание народа, что, естественно, было не выгодно гоминьдановцам.

В противовес всему этому Тавпик пытался распространить светское образование по всему Восточному Туркестану. В 1935 году просветитель с сорока своими сторонниками посетил многие села и города Кашгарского округа, где проводил беседы с местными жителями, рассказывая об успехах новых школ в Артушском районе.

Всё это сильно обеспокоило гоминьдановскую администрацию, и именно поэтому в июне 1936 года Тавпик был арестован, посажен в Кашгарскую тюрьму и после жестоких пыток расстрелян. Тело его было сожжено, а прах – тайно похоронен друзьями рядом с могилой его родителей в родном селе Буямат.

Прожил поэт достаточно короткую жизнь, но сделал для уйгурского народа очень многое. Мамтили был близок к людям, по возможности помогал малоимущим семьям, внимательно прислушивался к мнению народа. Его поэзии были присуще гуманизм, любовь и уважением к труженикам.

Тавпик полагал, что, когда народ получит образование, он сможет завоевать свои права, и тогда в обществе наступит согласие между людьми. Конечно, он осознавал, что свободу предстоит завоевать в упорной борьбе, именно поэтому своими стихами поэт хотел подготовить будущее поколение.

В ряде стихотворений выражена твердая уверенность, что в будущем народ выдвинет патриотов, готовых принести себя в жертву во имя родины. Тавпик стремился воспитать молодежь в духе беззаветной любви к отечеству: «Не будьте рабами суеверий и предрассудков, с гордо поднятой головой готовьтесь к грядущим боям!»

В 1981 году в Урумчи вышел сборник стихотворений Мамтили Тавпика «Булак», в котором были собраны такие стихотворения, как «Родина, пробудись!», «Мы - учителя», «Путь к свободе», «Отечество», «Дни науки», «Тюремные воспоминания» и многие другие. Каждое из его стихотворений было пронизано любовью не только к Родине, но и к простому народу. Он так жаждал увидеть прогресс в общественной жизни людей и неустанно призывал к борьбе за свое лучшее будущее.

А все потому что, во время поездки в Советский союз поэт стал свидетелем успехов ранее отсталых народов Востока в экономике, науке и культуре. Его сильно огорчала безграмотность уйгуров, причину которой он видел в жестоком национальном и социальном гнете. Именно поэтому мыслитель горел просветительскими идеями и принципами, которые так старался претворить в жизнь.

И сегодня, спустя столько лет, вопросы нравственности, культуры, образования, борьбы за свободу, затронутые в творчестве Мамтили Тавпика, остаются весьма актуальными для нас. А значит, не зря его называют одним из самых ярких представителей уйгурского просвещения и литературы!

**Наргиз Баудинова,**

*кандидат филологических наук, доцент КРСУ им. Б.Н. Ельцина*

# ئۇيغۇر «ئىرقىي قىرغىنچىلىقى» نى ئېتىراپ قىلغان لىتۋا جۇمھۇرىيىتى بېيجىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى بايقۇت قىلماقتا

بالتىق دېڭىزى بويىدىكى 3 مىليونلۇق نوپۇسقا ئىگە لىتۋا جۇمھۇرىيىتى ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ كىچىك دۆلەت ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، لىتۋا 1 مىليارد 400 مىليونلۇق نوپۇسقا ئىگە خىتاي بىلەن داۋاملىق تىركىشىپ، ھەم خىتاينى ھەم ياۋروپانى ھەيران قالدۇرماقتا.

لىتۋا 2021-يىلىنىڭ مارت ئايلىرىدا دەپسەندىچىلىكلىرىنى ئاقلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەرمەسلىك» كېرەككەن. ئۇلار باياناتىدا: «مۇھىم خەلقئارالىق تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرى مۇستەبىت دۆلەتلەردە ئۆتكۈزۈلمەسلىكى، ئۇلارنىڭ مۇستەبىت تۈزۈلمىسىگە چاپان ياپماسلىقى، ئۇلارنىڭ سىياسىي تەشۋىقات قورالىغا ئايلىنىپ قالماسلىقى كېرەك» دېگەنلەرنى بايان قىلغان.

ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە ھۆكۈمەتلىرى




خىتاي تەرىپىدىن ياۋروپانى پارچىلاش مەقسىتىدە قۇرۇپ چىقىلغان 17+1 ئىتتىپاقىدىن تۇنجى بولۇپ چېكىنىپ چىققان ئىدى. بۇ دۆلەت يەنە خىتاينىڭ تۈرلۈك تەھدىتلىرىگە پەرۋا قىلماي، بۇ يىل 19-ماي خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن يۈرگۈزۈۋاتقان باستۇرۇش سىياسەتلىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» ۋە «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» دەپ ئېتىراپ قىلىپ، خىتاينىڭ قاتتىق جېنىغا تەگكەن. لىتۋا يەنە 9-ئايدا تۇنجى بولۇپ تەيۋەننىڭ لىتۋادا «تەيۋەن» دېگەن نام بىلەن ۋاكالەتخانا قۇرۇشىغا ئىجازەت بەرگەن ھەمدە 11-ئايدا تەيۋەنگە ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ، بىر يۈرۈش كېلىشىملەر تۈزگەن. نەتىجىدە خىتاي بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى بۇزۇلۇپ، ئىككى تەرەپ ئۆز ئەلچىلىرىنى چېكىندۈرۈپ چىققان. ئالدىنقى ھەپتە خىتاي لىتۋادىكى ئەلچىخانىسىنىڭ ئورنىنى «ۋاكالەتخانا» دەرىجىسىگە تۆۋەنلەتكەنلىكىنى ئېلان قىلغان ھەمدە لىتۋانى «ئېغىر بەدەل تۆلەيدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرغان. مانا مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، لىتۋا پارلامېنتىدا خىتاي ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى بايقۇت قىلىش چاقىرىقى تەكرار ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

«فرانسىيە ئاۋازى» رادىيوسىنىڭ 25-نويابىردىكى «لىتۋا تەنتەربىيە مىنىستىرى بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىغا قاتناشمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى» ناملىق خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، لىتۋانىڭ مائارىپ، ئىلىم-پەن، تەنتەربىيە مىنىستىرى يۇرگىتا شۇرگىزنىنى 25-نويابىر بايانات ئېلان قىلىپ، 2022-يىللىق بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىغا قاتناشمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئالدىنقى ھەپتە بولسا لىتۋا تاشقى ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى جىگىمانتىس پاۋلىيونىس باشچىلىقىدا لىتۋا پارلامېنتىنىڭ 17 نەپەر ئەزاسى بىرلەشمە بايانات ئېلان قىلىپ، 2022-يىللىق بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى دىپلوماتىك بايقۇت قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇلار باياناتىدا دۆلەت رەئىسى، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە دىپلوماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق سىياسىي ئەربابلارنىڭ بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىغا قاتناشماسلىقىنى، ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتمەسلىكىنى تەلەپ قىلغان. ئۇلارنىڭ پىكرىچە بولغاندا، «بېيجىڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق

2022-يىللىق بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى دىپلوماتىك بايقۇت قىلىشنى ئويلىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، بۇ ھەقتە تېخى رەسمىي بىر بايانات ئېلان قىلمىغان. ئاۋىستىرالىيە دىپلوماتىك بايقۇتنى يولغا قويۇدىغانلىقىنى، بىراق تەنھەرىكەتچىلەرگە تەسىر كۆرسەتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ياۋروپا ئىتتىپاقىمۇ بۇ يىل 7-ئايدا پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ بىلەت تاشلاپ ئاۋاز بېرىشى بىلەن بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى دىپلوماتىك بايقۇت قىلىش قارارى ئالغان، «خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە خوڭكوڭلۇقلارنىڭ ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتمىگۈچە، بۇ مۇسابىقىگە دۆلەت ئەربابلىرى قاتناشماسلىق» نى تەشەببۇس قىلغان. 180 دىن ئارتۇق خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىمۇ ئوخشاش تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىغا بېسىم ئىشلىتىپ كەلگەن. بىراق يەنە ئىككى ئايدىن كېيىن بېيجىڭدا باشلىنىدىغان قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىغا قارىتا زادى قانچىلىك دۆلەتنىڭ «دىپلوماتىك بايقۇت» نى قوللايدىغانلىقى ھەم قوللىنىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىش يەنىلا قېيىن بولماقتىكەن.

بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى دىپلوماتىك بايقۇت قىلىش تەشەببۇسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىغا ئۇيغۇرلار ئۇچراۋاتقان «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» نىڭ ئاساسلىق سەۋەب بولغانلىقىنى تىلغا ئالغان ئۇيغۇر زىيالىسى غەيۇر قۇربان ئەپەندىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، نۆۋەتتە يېڭىدىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئالدىدا تۇرىۋاتقان گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ «دىپلوماتىك بايقۇت» نىڭ مۇنازىرىسى داۋام قىلماقتا ئىكەن.

«ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى» نى ئېتىراپ قىلغان لىتۋا جۇمھۇرىيىتىنىڭ بېيجىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسىنى بايقۇت قىلىش چاقىرىقىنىڭ پۈتكۈل ياۋروپاغا كېڭىيىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن نورۋېگىيەدىكى ئۇيغۇر زىيالىسى بەختىيار ئۆمەر ئەپەندىنىڭ تىلغا ئېلىشىچە، بۇ مۇسابىقە خىتاي كۈتكەن دەرىجىدە بولمايدىكەن ۋە خىتاينى خەلقئارادا يەنە بىر قېتىم رەسۋا قىلىشى مۇمكىن ئىكەن.

ئەكرەم

# كانادا ھۆكۈمىتىنىڭ «ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى» نى ئېتىراپ قىلىشى توغرىلىق بىر قاتار پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلغان



كانادادىكى «ئۇيغۇر ھوقۇقىنى تەشەببۇس قىلىش قۇرۇلۇشى» ۋە «كانادا شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى» قاتارلىق ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەمكارلىقى نەتىجىسىدە كانادادا ئۇيغۇرلارنىڭ ھوقۇقىنى تەشەببۇس قىلىش بويىچە 3 كۈنلۈك پائالىيەت ئۇيۇشتۇرۇلغان. بۇ پائالىيەتتە كانادا ھۆكۈمىتى ۋە پارلامېنتىنىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزىۋاتقان «ئىرقىي قىرغىنچىلىقى» نى ئېتىراپ قىلىشى ۋە ھەرىكەتكە ئۆتۈشى تەلەپ قىلىنغان.

3 كۈنلۈك پائالىيەت 11-ئاينىڭ 23-كۈنى كانادا پارلامېنتى ئالدىدا خەتەرلىك دۆلەتلەردە مۇساپىر بولۇپ يۈرۈۋاتقان ئۇيغۇرلارنى كاناداغا يەرلەشتۈرۈش قاتارلىق بىر قاتار مۇھىم تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

مەلۇم بولۇشىچە، 23-نويابىر كۈنى كەچتە يەنە «ئۇيغۇرلارنىڭ نەزەرىدىكى كانادا-خىتاي مۇناسىۋەتلىرى» تېمىسىدا بىر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىمۇ ئۇيۇشتۇرۇلغان. مەمەت توختى ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، مەزكۇر مۇھاكىمە يىغىنىدىمۇ كانادا پارلامېنت ئەزالىرى ۋە مۇتەخەسسىسلەر سۆز قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

مۇھاكىمە يىغىنىدا مايكىل چوڭ،



سامىر زۇبېرى ۋە ئالېكس برۇنېل دۇسەپپى قاتارلىق پارلامېنت ئەزالىرى، ئوتتاۋا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن جون فرېدرىك پەكىر ۋە مارگارېت جونستون قاتارلىقلار سۆز قىلغان.

مەلۇم بولۇشىچە، شۇ كۈنى ئاخشىمى يەنە كانادا پارلامېنتىدىكى «ئۇيغۇر دوستلۇق گۇرۇپپىسى» دىكى 30 دەك پارلامېنت ئەزاسى بىرلىشىپ، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندىنىڭ كاناداغا كەلگەنلىكىنى كۈتۈۋېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن بىر زىياپەت ئورۇنلاشتۇرغان.

كانادادىكى ئۇيغۇر جامائىتى كانادا ھۆكۈمىتى بىلەن قانۇن چىقارغۇچىلارنى خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى قانۇنىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشقا ھەمدە ئۇيغۇر رايونىدا داۋاملىشىۋاتقان «ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى» غا تېزلىكتە ئەمەلىي ھەرىكەتلەر بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشقا چاقىرغان.

«ئۇيغۇر ھوقۇقىنى تەشەببۇس قىلىش قۇرۇلۇشى» نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدا ئۆتكۈزۈلگەن بۇ پائالىيەتلەر كانادادىكى مەتبۇئاتلاردىمۇ كەڭ ئورۇن ئالغان. كانادانىڭ نوپۇزلۇق ئاخباراتلىرىدىن «يەر شارى ۋە مەكتۇبلار» گېزىتى «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى كانادادىن ئۇيغۇر مۇساپىرلارنى قوبۇل قىلىشنى ۋە خىتاي مەھسۇلاتلىرىنى چەكلەشنى تەلەپ قىلدى» ماۋزۇسىدا خەۋەر بەرگەن. «تورونتو قۇياشى» گېزىتى بولسا «پارلامېنت ئىشقا چۈشكەندە كانادادىكى ئۇيغۇرلار ھۆكۈمەتنى خىتاينى بويقۇت قىلىشقا چاقىردى» دېگەن تېمىدا خەۋەر بەرگەن.

باشلانغان. «ئۇيغۇر ھوقۇقىنى تەشەببۇس قىلىش قۇرۇلۇشى» باشلىقى مەمەت توختى ئەپەندىنىڭ رادىيومىزغا بىلدۈرۈشىچە، كانادا پارلامېنتى بىناسى ئالدىدا قۇرۇلغان مۇنبەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى، كانادادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتلىرىدىكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدىكى سۈرەت ۋە مەلۇماتلىرى ئورۇن ئالغان مۇنبەر تەييارلانغان.

مەزكۇر پائالىيەتكە كانادا پارلامېنت ئەزالىرى قىزغىن ئىشتىراك قىلغان بولۇپ، ئېچىلىش مۇراسىمىدا 12 نەپەر پارلامېنت ئەزاسى سۆز قىلغان.

مەزكۇر پائالىيەتكە تېخى يېقىندا «خەلقئارالىق خالفەكس خەۋپسىزلىك كېڭىشى» دىن ئىبارەت مۇھىم يىغىنغا قاتنىشىپ قايتقان دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئەپەندىمۇ قاتناشقان. ئۇ پائالىيەت مەيدانىدىن زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلغاندا، كانادانىڭ سوغۇق ھاۋاسىغا قارىماي ئۆزلىرىنى قوللاپ بۇ يەرگە كەلگەن كانادا پارلامېنت ئەزالىرىغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتتى. ئۇ ئۆزلىرىنىڭ بۇ قېتىملىق پائالىيەتلىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان كونكرېت تەلەپلىرىنى تونۇشتۇردى.

دولقۇن ئەيسا بۇ 3 كۈنلۈك پائالىيەت جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ كانادا ھۆكۈمىتىدىن «ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى» نى ئېتىراپ قىلىشنى، ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىگە چېتىشلىق مەھسۇلاتلارنىڭ كانادا بازىرىغا كىرىشىنى چەكلەشنى، كانادانىڭ پېنسىيە مەبلىغىنى خىتاي شىركەتلىرىدىن يۆتكەشنى ۋە شۇنداقلا كانادا پۇقراسى ھۈسەيىن جېلىلنى قايتۇرۇپ كېلىش، شۇنداقلا

ئىرادە

# Мәдәнийәт - тарихниң алтун бөшүги
## (мәдәнийәт, турмуш вә әнъәниләр һәққидә)



**Қасим Масими,**
тарихчи

*( Ахири. Беши өткәнки санда)*

Уйғурлар қедимдин балиларни кичигидин соғ һавада чиниктурушқа адәтләнгән. Миладимизниң II–чи әсирдин бурун уйғур елигә кәлгән хитай саяһәтчилири уйғурларниң кишиниң күни кичик балилирини соғ суға ташлап, андин кейин жугиларға оғринини көрүп, һәйран болған. Йәнә бир сақлинип келиватқан әнъәниләрниң бири, “Тиләп елиш”. Қиз чиқарған аилә қизиниң һамилдар болуп қалғинини билгәндин кейин урук-туққанлардин аяллар бир болуп, күйоғулниң өйигә соғатлар билән берип, қизини бөшүкништин кирик күн бурун вә кейин өз һимайисигә алидиғанлиғини билдүриду. Бу хил әнъәнә тунжа бала туғулғандила әмәлгә ашурулиду, чүнки, биринчи бала көргән яш ана роһий вә жисманий жәһәттин өз анисиниң һимайисидә болуши кирәклигини уйғурлар медицина яқтин чүшәнгән. Бовақ туғулуп, қирик күндин кейин, балиниң атиси урук-туққанлар билән келип, мәрасим өткүзиду. Елип келингән соғилар билән қизниң ата-анисини тәбрикләп, андин кейинла аялини балиси билән елип кетиду. Шуни тәкитләш керәкки, “тиләш” адити жәриянида әр-аял арисидики йеқин мунасивәтләр медицинилиқ көз қараш бойичә вақитлиқ тохтитилиду.

Уйғурлар йеңи туғулған бовакни бөшүккә бөләйду. Бөшүкниң жабдуқлири юмшақ вә қолайлиқ болиду. Бөшүктә ятқан балини ястуқчилар билән үстидин кәң бәлбағ арқилиқ орап, бөшүккә теңиветиду. Шу арқилиқ жиқилиштин сақлайду. Балиниң тәрити алаһидә бөшүккә бәкитилгән күлтүк арқилиқ кетиду. Сүйдүк маңғузуш үчүнму, алаһидә яғачтин вә сүйәктин ясалған шүмәкләр бәкитилиду. Бөшүкни тәвритәндиму күлтүк чайқилип кәтмәйду. Бөшүкниң қурулуш алаһидилиги балиниң тазилиғини вә бехәтәрлигини тәминләйду.



Уйғур ақсүйәклириниң өйлиниш жәриянлириму өзгичә. Уйғур дөлитиниң асасчиси Оғузханниң (мил.б. III әсир) пәрмани бойичә шаһзадиләр биринчи аялини хан әвладидин елиши шәрт еди. Биринчи аяли “байбичә-ханиш” дәп атилатти. Шуларниң әвлатлири уйғур далалирида биринчи уйғур дөлитиниң қурғучилири еди. Ақсүйәк, ханишлардин туғулған балилири тәхткә егә болалатти. Улар хан әвлади болғанлиқтин жуқури мәнсәпкә сайлинатти. Шу сәвәптин ханларниң, бәг вә байларниң әвлатлири вә урук-туққанлири һөкүмранлиққа егә болалатти. Шундақла, мәнсәпдарларға Оғузхан вә униң атиси Қараханниң әвлатлири киләтти. Хитайлар бу сулалини иероглифлар арқилиқ “Сиолинь” яки “Бу” дәп язатти. (Н.Я.Бичурин, Н.В.Кюнер)

Әнъәниләр бойичә сулалини давамлаштуруп, йоқатмаслиқ үчүн иниси вапат болған акисиниң аялиға өйлинәтти яки өзиниң анисидин башқа атисиниң аялириға өйлинишкә мәжбур қилинатти. Мундақ әнъәнә Хитай вә европилиқлар үчүн көрүнмигән адәт еди. Бу әнъәниләр бойичә өйләнгән кишиниң тул қалған аял билән йеқин мунасивәттә болуши шәрт әмәс еди. Әслидә, туққанлириниң аяллириға өйләнгән киши, аилә башқурғучи сүпитидә уларни һимайә қилип, маддий жәһәттин тәминләп, уларниң бехәтәрлигини сақлатти. Шу сәвәптин һазирқи күнләрдиму шу әнъәниләргә реайә қилинип, инисиниң балилири дадисиниң акисини чоң-дада, инисини кичик-дада дәп атайду. Шундақла, аписиниң һәдисини чоң-апа, сиңлисини кичик-апа дәп атишиду. Бу әнъәниләргә реайә қилмаслиқ һимайигә елинған аялниңла әмәс, туққанлириниңму наразилиғини қозғайду. Шундақ, Оғуз ханниң йәттинчи әвлади Шулай Канкуй миладидин 68 жил бурун өзиниң мәжбурийитидин баш тартқанда, акиси Гояндийниң аяли, Шабу қәбилисиниң мәликиси ( йолдиши 68 йешида қаза болған) наразилигини билдүрүп, нәтижидә қураллиқ қозғилаңға айландурған. Уйғур һөкүмрани Тоба Гуй миладимизниң 409-жили пәрман чиқирип, ханишниң биринчи оғлиниң тәхт вариси болуши билән ханишниң балисиға сәлбий тәсир көрсәтмәслиги үчүн,кимки уни қаза қилатти. Бирақ, бу пәрман чиқирилғандин кейин Тоба Гуйни өз оғли қәтил қиливәткән екән. (Қ.Масими «История уйгуров и факты о крепости Пот-Бажын», Алматы,2011г.)

Уйғур урпәдәтлириниң йәни бир алаһидилиги, у қиз балини кичигидинла һөрмәтләш. Уйғурлар қизиға сиз дәп созләйду, уни нокуш, тиллаш әсли болмайду. Сиз дәгән сөзни аңлап өскән қиз задила ата-анисиға сөз қайтурмайду, әмәлиятта бир ишлар болуп қалса, қиз ата-анисиға: «Сили шундақ дегәнгү» - дәп өзиниң бегуналиғини етиду. Қиз-жуғанлар, аяллар әркәклардин алдидин өтидиған ишләр болса, улар оң қоли билән көксини тутуп сәл егилип «Әссәламу әләйкум, алдиниардин өтүп кәттим, кәчүрвәтиңлар» - дәйду. Оғул балинима уйғурлар наһайити һөрмәтләйду. У өйниң қути, бәрикити, түрүги дәп өстирип, шоқлиқ қилса хошал болуп «Оғул болсаң шох бол, шох болмисаң йоқ бол» - дәп әркилитиду. Бала чоң болғанда униң келиватқан йолини ханум-кизлар кәсмәйду.

Бизгә мәлум әнъәниләрдин йәнә бири бемәзгил яки пажиәлик һалак болған урук-туққанлириға һаза тутуп жиғлаш адити. Уйғурларниң жиға-зарә қилишлири һәққидә өз вақтида Рим тарихчиси Иордан тәвәндики фактларни кәлтүргән. 453 жили Европа китъәсида һөкүмдарлиқ қиливатқан, күнгә етиқат қилидиған Уйғур-һунн империясиниң падишаси Адил (Европа мәнбәлиридә гун падишаси Атилла) сатқун хотинининң қолидин оға ичип, туюқсиз вапат болиду. Адилниң жанкөйәрлири түрлүк йосунда ечинишини билдүрүп, бирлири кийимлирини жиртип, чачлирини жулуп, үзлирини тирнап, сөйүмлүк падишасини қорғап алмиғинини көрсәткән. Мундақ ишларни VII әсирниң ахирида халиф Әлининиң тәрәпдарлирима қолланған. Кербела вадисида Әлиниң оғли Һесәйин қошунлирини сириялик «омейяд» қәбилә тәрипидин сатқунлуқ билән өлтирилгәндә, Әлиниң тәрәпдарлири үзлирини тирнап, қоллирини жәрәһәтләп, бәдинини зәнжирлар билән уруп, биз «шеһит» болдуқ десә, ханум-қизлар қара кийим кийип, қарлуқ тутқан. Бу әнъәнә гайбир мусулман қәбилириниң «сунна» екимидин VII әсирниң 70 жиллири бөлүнүп «шеһит» екиминиң асасини қурғанға сәвәпкар болған. Шеһит екимидики қәбилиләр һазир Иран, Ирак, Ливан дөләтлиридә, Кавказ вә Авганистан диярида яшайду ( Қ. Масими «История уйгурской державы, голубые тюрки» Алматы, 2000г.)

Уйғур әждәтлириниң бәзибир йетәкчи қәбилилири көчмәнлиқтин, олтирақчилиққа өтүп, чегараларда, шәһәрләрдә «тур» - наблюдательная башня турғузуп, чарвичиликтин башқа деханчилиик, бағвәнчилик, очилик ишлири билән мәшғул болған. Бу қәбилиләр турған жайларни парслар «Туран» өлкиси дәп атап, улар билән болған жәңләрни «Авеста», «Шахнамә» китаплирида көрсәткән. Туранлиқлар өз диярини улуқлап, балилириниң исмини Туран, Туралим, Турахмәт, Турсун, Турахан, Турниса дейишкән.

Уйғурла парслар билән бирдә тatишип, бирдә қуда болғанда, парслар етиқат қиливатқан зороастризм (от билән тазилиниш яки шаман) динигә кирсә, бәзи бир қәбилиләр парс шаһи Шапур I қобул қилған Мани динигә IV әсирдә етиқат қилишни башлиған. VI әсирдә Мани дини парсларда қоғланди тәрипигә өткәндә, дин мәркизи парс диаридин Сәмәркәнтә йөткәлгән.

Шәрикики уйғурларниң көпчилиги «Тәңри-худаға» ишинип, асмандики күнгә (һун), айға етиқат қилип, балилириниң исимлириға «һун» қошумчисини қошуп Тохтахун, Бәхтахун, Палтахун вә башқиларни десә, қизлириниң исимигә «ай» дегәнни қошуп Турсунай, Пучинай, Айтурған, Айбуви дәп атиған. Хошна дөләтләр уйғурларниң етиқат орунлирини алаһидигини көрүп шаманлиқлар десә, руслар «язычники» дәп атап кетишкән. Балилириниң исимлирини дингә бағлашлиқ аташ, башқа хәлиқләрдима бар. Мәсилән, христиан милләтлири: Христиан, Христос, Христианин десә, мусулман дөләтлиридә: Ислам, Исламбек, Муслим, Муһәммәт вә башқилар кәң орун алған.

IV әсирдә һазирки Тибәт,Турпан, Кумул вә Ички Монголияниң әрбий диярдики уйғурлар шаман динидин будда динигә кирип, хан Мәнсунниң вақтида чон тәрәққият, мәдәнийәт вә айрим илмий ишләргә йәткәндә, хитай зиминини башқуруп турған, чашлирини бөлүп өридиған, Хитайниң Конфуций, даосизм екимидики «тобғач-тобсач» сулалиси Мәнсунниң дөлитигә «шималий әллириниң гөһәри» дегән баһа бәргән.

Падиша буйруқлирини, дин қаидиларни үгүништә уйғурлар II әсирдә қәғәзни ижат қилип, Индия һәриплирини, хитай тамғилирини (иероглифини) қолланған. Парслар билән алақә бағлиған әрбий өлкиниң уйғурлири, атап етқанда тағлиқ-соғлуқ зиминда яшайдиған қәбилиләр, пайтәхтиси Сәмәркәнт Сирия әлипбәсигә асаслинип уйғур әлипбәсини түзүп, оңдин солға қарап йази-дуғанни үгәнгән. Бу йезиқ илимдә «соғда» йезиғи дегән намға егә болиду. Соғда: хитайчә-«согә», парсчә - «сугуда», грекчә - «согдиана» сөзиниң мәнасини хитай, парс, грек вә башқа алимлар чүшәндүрәлмәйду. Уйғур, парс мәнбәлиридә «соғда» диарида 1-чи миң жиллиқта деңиз бетидин 1800 метр егизликтин башлап муз қатламлири башлинип, бәзи-бир йәрләрдә, қатламниң қелинлиғи 1000 метр, узунлиғи 180 километрғичә барған. Соғда диариға яққан қар, тоңлиған музлар язда ерип, Амудәрия, Сирдәриялирини су билән тәминләп, улар Арал көлигә куятти. Уйғурлар бу диарни «Соғ дияр» дәп атап кәткән. Иккинчи миң жиллиқниң ахирқи әсирлиридә һава райи өзгүрүп, муз қатлиминиң қелинлиғи 500 м. узунлиғи 77км. болуп Амудәрия,Сирдәрияларниң суйи тартилип Арал көли қурушқа айлинип, көлниң әтрапидики қумниң дияри жилдин жилға кеңәймәктә. Соғда йезиғида йезилған зороастризм, манихей, будда, христиан (несториан екими-



дики) диний қаидиләр, падиша буйруқлири вә башқа мәнбәләрниң көпчилиги Турпан, Безәклик, Кочо, Дунхуан, өлкилиридә, Қирғизстанда, Монголияда, айрим материаллар Тажикстанниң Муг қорғанида, Хитайниң Гәньсу өлкисидә Парс вә Сирия диярида тепилған. Соғда йезиғини тәкшүргән Таң сулалисиниң сәяһәтчиси Сюань-цзан, шәркшунас алимлар: С.Е.Малов, Л.Ю.Тугушова, Г. Рамстедт вә Чингисхан бу йезиқни уйғур йезиғи дегән хуласигә кәлгән. Кәлтүрилгән фактлар «соғда» йезиғиниң вә «Соғда» дияриниң уйғурларға тәвәллук екәнлигини вә уйғурларниң қедимдин башлап өз йезиғиға егә болған хәлиқ екәллигини, уларниң руслардин бурун христиан динигә киргәнлигини көрситиду.

**Алмута шәһири**



مەرھابا ئىبراھىم (چالقۇشى)

مەرھابا ئىبراھىم 2000 ـ يىلى، 2 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ خوتەن شەھرىدە مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، 2006 ـ يىلى خوتەن شەھەرلىك 2 ـ باشلانغۇچتا ئوقۇغان. كېيىن ئائىلە ئىلتىماسى ۋە ئۆزىنىڭ قىزىقىشى بىلەن قۇرئان يادلاشنى باشلاپ، 2014 ـ يىلى تولۇق تاماملىغان ۋە 2016 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئوقۇش مەقسىدى بىلەن مىسىرغا چىققان. 2017 ـ يىلى، خىتاينىڭ بېسىمى بىلەن مىسىردا يۈز بەرگەن «ئۇيغۇرلارنى تۇتقۇن قىلىش» ۋەقەسىدە تۈركىيەگە يېتىپ كېلىپ، بىر يىل تەييارلىق ئوقۇشتىن كېيىن 2018 ـ يىلى «ئىستانبۇل تىجارەت ئۇنىۋېرسىتېتى» نىڭ باشقۇرغۇچىلىق كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان ۋە ھازىرغىچە شۇ يەردە ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. مەرھابا ئىبراھىم 2014 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئەدەبىياتقا بولغان ئۆتتەك قىزىقىشى نەتىجىسىدە شېئىر ۋە باشقا ژانىردىكى ئەسەرلەرنى يېزىشنى مەشىق قىلىپ كەلگەن ۋە خىتاينىڭ بېسىم سىياسىتى نەتىجىسىدە ۋاقىتلىق يېزىشتىن توختاشقا مەجبۇر بولغان. چەتئەلگە چىققاندىن كېيىن يەنە ئەسەر يېزىشنى داۋاملاشتۇرغان. ئۇ ھازىر تۈركىيەدە ئۇيغۇر قىز ئوقۇغۇچىلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان «ئىنشىراھ» گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى.

رېداكسىيە

# ئەسلىمە

## (ھېكايە)

ساھىل بويىدىكى ئالتۇن رەڭگىدە رەڭلەنگەن دەل ـ دەرەخلەر، ياپ ـ يېشىل ئۆت چۆپلەر، كۆز يەتكۈسىز كۆپكۆك دېڭىز، ئاستا چىقىۋاتقان لەرزان شامال ئادەمنىڭ كۆڭلىگە باشقىچە مېھرىلىك تەسىر بېرەتتى. قىرغاقتىن يەتتە سەكىز مېتىر ئارىلىقتا چىرايلىق داستىخانلىرىنى سېلىپ، بەش ـ ئوندىن توپ ـ توپ بولۇپ ئولتۇرغان يەرلىك ئىنسانلارنى قەدەمدە بىر ئۇچىراتقىلى بولاتتى. ھەتتا ھەپتە ئاخىرلىرى ئادەملەرنى بىرلىرى ئۆيلىرىدىن قوغلاپ چىقارغاندەك ھەممە ئادەم بۇ دېڭىز بويىدا ئەتىگىنى داستىخىنىنى سېلىپ بىر ئولتۇرۇشسا، كەچ كىرگۈچە گازىر ـ پۇرچاقلىرىنى چېقىشىپ، ئۇرۇم ـ قۇرۇمنىڭ پاراڭلىرىنى قىلىشىپ ئولتۇرىشاتتى. كۈننىڭ پېتىشىغا ئەگىشىپ دېڭىز بويى ياش ئوغۇللارنىڭ توپلىشىپ ئوينايدىغان ياكى ئاچچىق تاماكىلىرىنى تۈتاشتۇرۇپ مۇڭدىشىدىغان ماكانى ئىدى.

يېشىل ئۆت چۆپلەرگە يېنىك دەسسەپ نىمىنىدۇر خىيال قىلىپ كىلىۋاتقان سۆبھىئاينىڭ ئاق كۆڭلەك ئۈستىگە چۈشۈرۈلگەن ھالرەڭ چېچەكلىك ئۇزۇن كۆينىكى، ئۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇپ ئارتىۋالغان ھالرەڭ شارپىسى ئۇنى شۇنچىلىك ئوماق ۋە شۇنچىلىك نازاكەتلىك قىلىپ كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇزۇن ۋە قاپقارا قاش ـ كىرپىكلىرى بىلەن باشقىچە چىرايلىق كۆرىنىدىغان بۇ قىزنىڭ بۇ يات ئەللەردە ياشاۋاتقىنىغا مانا ساق ئالتە يىل بولۇپ قالغان ئىدى. بۈگۈن ھەپتە ئىچى بولغاچقا ساھىلدا ئۇنچىلىك جىق ئادەم يوق بولۇپ، سۆبھىئاي ئۆك ـ سول تەرەپكە پات ـ پات قاراپ قويۇپ، ئۇدۇل دېڭىز قىرغىقىدىكى يوغان قورام تاشقا كىلىپ ئەپلىككىنە ئولتۇرۇۋالدى. قۇلىقىغا سىلىنغان تىڭشىغۇچنىڭ ئاۋازىنى سەل ئۇنلۇكرەك كۆتۈرۈپ، يىراقلارغا نەزەر تاشلىغاچ پۈتۈن دىققىتى بىلەن تىڭىپۇندا قويۇلۇۋاتقان ئۇيغۇرچە ناخشىنى ئاڭلاشقا باشلىدى. رېتىم بىلەن ئالمىشىپ چىقىۋاتقان نۆۋەتتىكى ناخشا تۈگەپ، «كۆتۈش» ناملىق لەرزان ناخشا باشلىنىش بىلەن ئۇنىڭ كەيپىياتى بۇزۇلدى. بولۇپمۇ:

مۇڭ باسقان كۆزلىرىڭنى ئەسلىيەلەيمەن،
سەن چوقۇم يىراقتا باقتىڭ لاۋۇلداپ.
مانا يەنە بىر كۈن ئۆتتى مىڭ تەستە،
يۇلتۇزلارغا قوشۇلدۇم يولۇڭغا قاراپ.

دىگەن كۇبلىتقا كەلگىنىدە ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش ئىختىيارسىز سىرغىپ چۈشتى. شۇنداق، بۇنداق تەس كۈنلەردىن نەچچىسىنى ئۆتمىدى دەيسىز. كېچىلىرى ۋەتەن دەردى، ئاتا ئانىسىنى سېغىنىش، قېرىنداشلىرىغا زار بولۇشتەك ئازاپ بىلەن يىغلاپ، كۈندۈزى ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرۈشنىڭ قانچىلىك تەسلىگىنى ياشاپ باقمىغان بىرسى ئەلۋەتتە چۈشەنمەيتتى. ئۆيىدە شۇنچىلىك ئەتىۋارلىنىدىغان، مەلىكىلەردەك ئەركە مىجەزگە ئىگە بۇ قىزغا يات ئەللەردە ئالتە يىل ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەك بىر مۆجىزىدەك بىلىنەتتى. ئۇ يىراقلارغا نەزەر سالدى، ئۇ يەنە شۇ سۆيۈملۈك، مېھرى ئىللىق ۋەتىنىنى سېغىنغان بولۇپ، كەڭرى كەتكەن ھويلا ئاراملار، ھەشەمەتلىك قىلىپ سېلىنغان ئۈچ قەۋەتلىك كۆركەم قورو، قورو ئارقىسىدىكى بىرەر موغا يېقىن كېلىدىغان باغلارنىڭ ھەممە يېرىدە ئۇنىڭ مەلۇم بىر ئەسلىمىلىرى بار ئىدى. سۆبھى ئاي ئاستا كۆزىنى يۇمدى ۋە 16 ياش ۋاقتىدا ۋەتەندىن ئايرىلغان دەملىرىنى ئەسلىدى.

باش باھار مەزگىلى ئىدى. سۆبھى ئاينىڭ دادىسى توختى ھاجىم چۈشلۈك تاماقتا ئۆيىگە كەلدى. دادىسىنىڭ كەلگىنىنى كۆرگەن سۆبھى ئاي دەرھال دادىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە ئۇنىڭ چاپىنىنى ئېلىپ ئىشىك كەينىدىكى ئىلغۇچقا ئاستى ۋە چاي ھازىرلاپ ئېلىپ كەلدى. قىزىنى قائىدىلىك ۋە ئىشچان چوڭ بولغىنىدىن سۆيۈنگەن توختىھاجىم قىزىنى باغرىغا بېرىپ، ئىللىق كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ: «چوڭ بوپسىز — ھە قىزىم» دەپ ئەركىلىتىپ قويدى. سۆبھى ئاي ئانىسى تىللا خېنىمغا ياردەملىشىپ تاماقنىمۇ بىردەمدە تەييار قىلىپ ئۈستەلگە تىزدى. غونچە بوي، ئەمدىلا 40 ياشقا كىرگەن تىللاخان يېشىدىن خېلىلا كىچىك كۆرۈنىدىغان بولۇپ، بىلمەيدىغانلار «سۆبھى ئاينىڭ ئاچىسىمىكى» دەپمۇ قالاتتى. ھەتتا بىر نەچچە قېتىم توختىھاجىم ئايالى تىللا خان بىلەن بازارغا چىققىنىدا باشقىلار «قىزىڭىزمۇ بۇ» دەپ سوراشقان ئىدى. توختىھاجىم بۇلارنى ئۆيلىگىنىدا تىللاخانغا پەخىر ۋە سۆيۈنۈش بىلەن قاراپ قوياتتى. توختىھاجىم ئەمدى 45 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان بولسىمۇ، تۇرمۇش غېمى ۋە يىللاردىن بېرى ھۆكۈمەت تەرەپتىن «نوختىلىق نوپۇس» دەپ قارىلىپ تەقىپلەشلەر، نۇرغۇن قېتىم تۇتقۇن قىلىنىشلار ئۇنى ئۆز يېشىدىن خېلى خوپ قېرى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

تاماقتىن كېيىن توختىھاجىم ئايالىغا قاراپ:

ـ قاچا ـ قۇچىلارنى كېيىن يۇيۇڭلار، ھازىر سىلەرگە بىر ئىشنى مەسلىھەت سالىمەن. — دېدى. ئالدىدىكى چايدىن ئىچكىسى كەلمىگەنەدەك تەرىزدە بىرنى ئوتلاپ قويدى. ئۆكسىنى ئوينىتىپ ئولتۇرغان سۆبھىئايمۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ دادىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى خۇرۇم سافاغا كىلىپ ئولتۇردى.

ـ ئاڭلىسام يېقىندا يېڭى سىياسەت چىققۇدەكمىش، بۇ خىتايلار ئەمدى تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ قىز ئاياللارنىڭ بېشىدىكى ياغلىقنى ئال، يوپكىنى سال دىگۈدەك. سىلەر بىلىسىلەر، مانا ئىككى يىلدىن بېرى خوتەندە يۈزىنى ئورىغان ئاياللارنى تۇتقۇن قىلىپ، كۆرمىگەن كۈنلەرنى كۆرسىتىپ يۈزىنى ئورىغان بىرمۇ ئايال زاتىنى قويمىدى. بۇ يېڭى سىياسەتنىڭ ئەلپازى بەك ياماندەك قىلىدۇ. بۇ بىر يىل ئىچىدە «ئاشقۇن، تېرورىست، مىللىي بۆلگۈنچى» دىگەندەك قالپاقلار بىلەن ياغلىق ئارتقان، ئۇزۇن كىيىم كەيگەن بىرمۇ قىز ـ ئايال قويماسلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇدەك. بەزى مىش ـ مىش گەپلەرگە قارىغاندا غولجا، ئاقسۇ تەرەپلەردە دىنى ساۋادى بولغان ياشلار قىز ـ ئوغۇل دەپ ئايرىلماستىن تۇتقۇن قىلىنىپ، ھېچقانداق ئىز دېرىكى يوق ئىكەن. كىم ئۇلارنىڭ سۈرۈشتىسىنى قىلسا ئۇلارمۇ غايىپ بولۇپ كېتىۋېتىپتۇ. توختىھاجىم مېھىر بالقىپ تۇرغان ئىللىق كۆزلىرى بىلەن سۆبھىئايغا قاراپ سۆزىدىن قىسقا ۋاقىت توختىغاندىن كېيىن يەنە داۋام قىلدى.

سىز مىنىڭ ئۈمىدۈم ۋە غورورۇم، ئۈكىڭىز تېخى كىچىك، تۇلۇقسىز ئوتتۇرىنىمۇ ھىلى «ئۆيۈڭدە باش ياغلىقى چىگىدىكەنسەن»، ھېلى «كىيىمىڭ ئۆلچەمدىن ئۇزۇن بولۇپ كىتىپتۇ» دېگەندەك گەپلەر بىلەن تىل ۋە تەنقىدلەر ئىچىدە بەك تەستە پۈتتۈردىڭىز. مەن يېقىندىن بېرى تۈركىيەدىكى تونۇشلىرىم ئارقىلىق ئۇ يەردە مەكتەپ ئۇقۇشتۇم. سىزنى بىزدىن بۇرۇنراق تۈركىيەگە ئوقۇشقا يولغا سېلىشنى، ئارقىڭىزدىن ئانىڭىز بىلەن ئىككىمىز بېرىشنى ئويلاشتۇق. سىزنىڭ ئىشىڭىز پۈتۈپ قالاي دېدى. پاسپورتىڭىز چىقسىلا يولغا چىقىسىز. شۇڭا ئىدىيەڭىزدە تەييارلىق بولسۇن قىزىم.

سۆبھىئاي ھېچقانداق ئىنكاس بىلدۈرمەي بېشىنى تۆۋەن سېلىپ جىمجىت ئولتۇردى. ئارىدىكى قىسقا سۈكۈتنى تىللاخاننىڭ يىغا ئارىلاش ئاۋازى بۇزدى.

ـ دادىسى، بىزمۇ بۇ قورو، باغ ـ ۋارانلارنى سېتىپ قىزىمىز بىلەن بىرگە چىقىپ كەتسەك بولماسمۇ؟ قىز بالىنى چەتئەلگە يالغۇز ئەۋەتىشتىن ئەنسىرەيدىكەن كىشى.

ـ شۇنداق دادا، مەن يالغۇز قورقىمەن ـ دېدى سۆبھىئايمۇ ئانىسىنىڭ گېپىنى قوللاپ. تىللاخان مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى. بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن توختىھاجىم ئېغىر بىرنى تىنىپ قويۇپ:

ـ توغرا، قىز بالىنى يالغۇز ئەۋەتىشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنى مەنمۇ بىلىمەن، بولۇپمۇ بۇ قىزىمدەك بىزدىن ئايرىلىپ ئون كىلومېتىر يەرگىمۇ يالغۇز بېرىپ باقمىغان بىرى ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. مىنىڭ ياشىنىپ ئاغرىقچان بولۇپ قالغان ئانام بار. سىلىنىڭ ئاناڭلىنىڭ ئەھۋالىمۇ ياخشى ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قىزىمىزنىڭ پاسپورتى ئۈچۈنمۇ 100 مىڭ ئەتراپىدا پۇل كەتتى. ماڭا ئوخشاش «نوختىلىق نوپۇس» قا تېخىمۇ تەس. سىلىمۇ ئاڭلىغانسىلەر، يېقىندىن بېرى چەتئەلگە چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ قېرى ئاتا ـ ئانىلىرىنى تۇتۇپ كىتىۋاتىدۇ، ئۇلارنى قېرىپ قالغاندا بولسىمۇ ئارامدا قويايلى. جاھان بۇنداقمۇ كىتىۋەرمەس، بىرەر يىلدا بۇ شامالمۇ ئۆتۈپ كىتەر — دېدى.

شۇنداق قىلىپ بىرەر ئايدەك ۋاقىتتىن كېيىن سۆبھىئاينىڭ پاسپورتىمۇ چىقتى. توختىھاجىم تۈركىيەنىڭ ئايروپىلان بېلىتىنى ئېلىپ، ھەممە تەييارلىقلارنى پۈتتۈردى ۋە قىزىنىڭ يېرىم بولۇۋاتقان كۆڭلىنى ياساپ:

—قىزىم، سىز تېخى كىچىك. كۆپ ئىشلارنى ھازىر چۈشەنمەسلىكىڭىز مۇمكىن، ئاما كېيىنچە چوقۇم چۈشىنىپ قالىسىز. سىزنى بولسىمۇ بىزدەك خورلانماي، دەرتنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرمەي ئەركىن دۆلەتتە راھەت ياشىسۇن، ئەركىنلىكنىڭ، ھۆرلۈكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ چوڭ بولسۇن دېدىم.— دېدى.

سۆبھىئاي بۇ گەپلەرنى دەمال چۈشىنىپ كىتەلمىسىمۇ، ئەمما دادىسىنىڭ ئۆزىنى قانچىلىك قەدىرلەيدىغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنگەندەك بولدى. يېقىندىن بېرى ئۇنىڭ ئىچكى تۇيغۇلىرىنىڭ بىر يەرلىرىنىڭ خىيالىغا پات ـ پاتلا كىرىپ قالىدىغان ھېلىقى ئۆركەش دىگەن بالىغا تارتىشىۋاتقىنىنىمۇ ئۆزى ھىس قىلىپ تۇراتتى. ئېگىز بويلۇق، بۇرۇتلىرى ئەمدىلا خەت تارتقان، 20 ياشلاردىكى ئۆركەش بىلەن بىر نەچچە ئاي ئىلگىرى كىتابخانىدا تونۇشۇپ قالغان بولۇپ، قانداقتۇ بىر ئىللىق سىزىم شۇ ۋاقىتتىن بېرى ئۇنى بىئارام قىلىپ كىلىۋاتاتتى. بىر نەچچە قېتىم ئۇچرىشىپ قىزغىن پاراڭلارنى قىلىشتى، ئۇندىدارىدىمۇ دائىم دېگۈدەك كۆرۈشۈپ تۇردى، ئاما ئۇلارنىڭ پاراڭ تېمىسى ئوقۇش، كىتاپ، ھازىرقى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ نېرىسىغا ئۆتمىدى. ئۆركەش بەكمۇ كىتاپخۇمار بىرى ئىدى. گەپلا قىلسا قايسى كىتاپنىڭ قانداقلىغى، قايسى كىتاپلارنى سېتىۋالغانلىغى... ھەققىدە گەپ قىلاتتى. مانا ئەمدى سۆبھىئاي ئۇندىن ئايرىلىش ئالدىدا ئىدى. بۇ ئايرىلىشنىڭ قانچىلىك داۋام قىلىدىغانلىغىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئىچىنى ئازاپلاۋاتقان ئاچچىق تۇيغۇ كۈنلەر يېقىنلاشقانسىرى تېخىمۇ كۈچەيمەكتە ئىدى. ئۇ ئۆركەشنىڭ ئازاپلانماسلىغى، ھەممىدىن موھىمى ئۇنىڭ «كەتمە جېنىم» دىگەن سۆزىگە قانداق جاۋاپ بېرىشنى بىلمىگەنلىگى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىلدۈرمەسلىگنى توغرا تاپتى ۋە يولغا چىقىدىغان كۈنى ئۈندىدارىدىن تېلېفوندىن يۇيىۋەتتى.

شۇنداق قىلىپ سۆبھىئاي ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق تۇققانلىرى بىلەن خوشلىشىپ تۈركىيەگە كەلدى. ئۇنى دادىسىنىڭ يېقىن ساۋاقدىشى مۇرات كۈتىۋالدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن تەڭتۇش قىزىنى بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇردى. ناتونۇش موھىت، يات سىما، پۈتۈنلەي باشقىچە بىر ھاياتلىق ئۇنى تېخىمۇ يالغۇز قالدۇرسا، سېغىنىش ئۇنىڭغا كېچە ـ كۈندۈز ئارام بەرمىدى. ئاتا ـ ئانىسى بىلەن مۇراتنىڭ ئۈندىدارىدا كۆرۈشۈپ تۇردى. ساق بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن سۆبھىئاي ئۈندىدارنى ئاچتى. ئۈندىدار ئۆركەشنىڭ يازغان ئۇچۇرى بىلەن تولغان بولۇپ، ئۇ سۆبھىئاينىڭ تۈركىيەگە كەتكەنلىكىنى شۇ كۈنلا بىلگەنلىكىنى، ئۆزىگە نېمە ئۈچۈن خەۋەر بەرمىگەنلىكىنى، رەنجىپ قالغان بولسا ئەپۇ سورايدىغانلىغىنى ئىپادىلەپ ھەر كۈنى دىگۈدەك يازغان ئىدى. ئۆركەشنىڭ بىر كۈن بۇرۇنقى يازغان خېتىدە ئۆزىنىڭمۇ تۈركىيەگە چىقىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىغىنى، دادىسىنى قايىل قىلغانلىغىنى ئېيتقان ئىدى. سۆبھىئاي ھاياجاندىن بىردەم يىغلىۋالدى.

شۇ تەرىقىدە كۈنلەر ئۆتتى. بىر ھەپتىدىن بېرى ئۆركەشتىن ھېچقانداق جاۋاپ يوق بولۇپ، ئۈندىدارىنىمۇ ئاچمايۋاتاتتى. «ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بولۇپ قالغانمىدۇ» دىگەن خىيال كاللىسىغا كىلىش بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكى ئەنسىز سېلىپ كەتتى. ئاخىرى ئۇ يۈزىنى قېلىن قېلىپ، ئۈندىدارىدا ئانىسىغا تېلېفون قىلدى. سالام ـ سائەتلەر بىلەن باشلانغان تىللاخاننىڭ يىغىسى بىر ئاز بېسىلغاندىن كېيىن ناھايىتى تەستە، ئۆركەشنىڭ سوردى.

— ۋاي قىزىم، ئىككىڭلارنىڭ ئىشىدىن خەۋىرىمىز بار. ئۇ بالىمۇ يېقىندا تۈركىيەگە چىقىش ئۈچۈن پاسپورتقا يول مېڭىۋاتقان ئىدى، ئۆتكەن سەيشەنبە كۈنى كېچىدە ساقچىلار «چەتئەل بىلەن ئالاقە قىلغان» دەپ تۇتۇپ كىتىپتۇ. ئاتا ـ ئانىسى ھازىرغىچە ھېچيەردىن خەۋىرىنى ئالالمايۋاتىدۇ. — دەپ جاۋاپ بەردى ئانىسى ۋە سۆبھىئاي كەتكەندىن بېرى ساقچىلارنىڭ ھەر كۈنى دىگۈدەك كىلىۋېلىپ، «قىزىڭ نەدە، نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ بىز بىلەن كۆرۈشسۇن» دەپ توختىماي پاراكەندە قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ سۆزلەپ ئۆتتى.

(داۋامى 16 ـ بەتتە)

# Видный ученый - уйгуровед международного уровня

## (к 60-летию профессора Аблета Камалова)

В эти дни уйгурские общины стран Центральной Азии отмечают 60-летие известного казахстанского историка, доктора исторических наук, профессора Камалов Аблета Каюмовича. А.К. Камалов является признанным мировым научным сообществом исследователем-уйгуроведом, внесшим большой вклад в изучение истории и культуры уйгурского народа. Его труды известны не только в Казахстане, но и далеко за его пределами. Как отметила руководитель Центра уйгуроведения при Институте востоковедения им. Р.Сулейменова Министерства образования и науки Республики Казахстан доктор исторических наук Рисалят Каримова, А.К. Камалов «вывел казахстанское уйгуроведение на международный уровень».

Его наставником по истории стал уйгурский историк и этнограф Гегель Исхаков. Через год молодой востоковед получил направление в очную целевую аспирантуру в Ленинградское отделение Института востоковедения Академии наук СССР. Во время обучения в аспирантуре в 1985-1989 гг. А. Камалов работал над диссертацией по истории кочевых уйгуров под руководством известного тюрколога Сергея Григорьевича Кляшторного (1927-2014 гг.). А. Камалов успешно защитил кандидатскую диссертацию на тему «Уйгурский каганат в Монголии (744-840 гг.)» в Ленинградском отделении Института востоковедения АН СССР. Спустя многие годы диссертация стала основой монографии «Древние уйгуры. VIII-IX вв.» (2001 г.), которая до сих пор остается самым полным исследованием по истории Уйгурского каганата. Историю древних уйгуров А.Камалов не прекращал заниматься все последующие годы, в связи с чем переиздание дополненного варианта книги ученого является актуальным.

В 2003-2005 гг. А.Камалов прошел докторантуру при Институте востоковедения в г. Алматы. В 2008 г. им была защищена докторская диссертация на тему «Тюрки и иранцы в Танской империи (618-907 гг.)», которая легла в основу другой книги ученого (2017 г.). В исследовании была раскрыта роль тюркских и ираноязычных народов, живших на территории собственно Китая с центром в междуречье Хуанхэ и Янцзы, в политической, экономической и культурной жизни в Танской империи.

А.К. Камалов относится к плеяде ученых, чья научная деятельность формировалась в Институте уйгуроведения, уникальном исследовательском учреждении, существовавшем в 1986-1995 гг. в АН Казахской ССР. После реорганизации Института в Центр уйгуроведения при Институте востоковедения с января 1996 г. он продолжил работать в центре, занимая должности ведущего научного сотрудника, заведующего отделом и главного научного сотрудника. В настоящее время А. Камалов является профессором Университета «Туран» в г. Алматы. Он стажировался в ведущих научных центрах США, Великобритании и Франции: в разные годы он являлся исследователем в Университете Вашингтона в Сиэтле (программ Фулбрайт), приглашенным ученым в Оксфордском университете в Великобритании (программа Чивнинг), исследователем в Центре Клуге в Библиотеке Конгресса США в Вашингтоне (грант Рокфеллера), Джорджтаунском университете (программа CARI), стажером в Индианском университете (Блумингтон, США), а также в Доме науки о человеке в Париже (Франция).

Своей научный потенциал А.К. Камалов реализовал в большом количестве опубликованных трудов. Им издано более 350 публикаций в странах СНГ, Великобритании, Германии, Италии, Японии, Индии, Польше, Венгрии, Канаде. В это число входит шесть монографий, несколько учебных пособий, и более 40 статей, опубликованных на английском языке в ведущих журналах и сборниках мира. Некоторые статьи ученого изданы на уйгурском языке в журналах, издающихся в Урумчи, Турфане, Стамбуле.



На конференции.Висконсин(США)

А.К. Камалов является исследователем не только древнеуйгурской эпохи, но и более поздних периодов истории уйгуров и Восточного Туркестана, в том числе новая, новейшая история. При этом многие вопросы социальной истории изучаются ученым на основе староуйгурских (чагатайских) текстов. Им освещены многие страницы истории уйгуров Семиречья. Так, его перу принадлежат исследования по истории переселения уйгуров в Семиречье и Ферганскую долину, участия уйгуров Семиречья в восстании 1916 г., трагическому событию периода гражданской войны – массовому расстрелу уйгуров Красной Армией в 1918 г., истории уйгурских сел Семиречья. Эти и другие исследования были обобщены в его монографии «Уйгуры Казахстана», изданной Академией государственного управления при Президенте РК в 2016 г.



Камалов Аблет Каюмович

А.К. Камалов участник большинства уйгуроведческих конференций и симпозиумов в Казахстане и за его пределами. В 1990 г. он был секретарем Второй Республиканской уйгуроведческой конференции в Алма-Ате, в последующем участвовал в организации многих из них. Он был единственным центрально-азиатским участником трех последних крупных уйгуроведческих форумов, состоявшихся в Вашингтоне, Париже и Москве соответственно в 2014. 2015 и 2016 гг. Он также участвовал во многих уйгуроведческих конференциях в Японии, Великобритании, Франции, Австралии и Турции.

А.Камалов принимает активное участие в работе международных профессиональных организаций, изучающих Центральную Азию. В 2003-2006 гг. он избирался членом Правления североамериканской организации «Общество по изучению Центральной Евразии», в 2018 г. был избран членом Правления, а с 2020 г. – Президентом «Европейского общества по изучению Центральной Азии» (Нидерланды).

За заслуги в сфере науки и образования А.К. Камалов награжден медалью «За заслуги в развитии науки РК» (2011 г.), званием «Лучший преподаватель вуза» (2016 г.) и похвальными грамотами Министерства образования и науки Республики Казахстан. Он является лауреатом премии клуба меценатов «Ильхам» (2008 г.), награжден медалью «Сахават» республиканского этнокультурного цента уйгуров Казахстана, Почетной грамотой Ассамблеи народа Казахстана за активную гражданскую позицию. А.К. Камалов принимает участие в жизни уйгурской общины Казахстана.

Труженик науки и образования Аблет Каюмович Камалов в день своего юбилея находился в научной командировке в Ташкенте, где прошли его студенческие годы. Здесь с юбилеем его поздравили Уйгурский культурный центр Узбекистана и уйгурский культурный центр г. Ташкента. По возвращении домой, Республиканский этнокультурный центр уйгуров Казахстана организовал онлайн встречу, посвященную его юбилею. Выступавшие на встрече ученые из Казахстана, Кыргызстана, России, Германии, США и Турции говорили о разных гранях деятельности ученого, отмечали его вклад в науку, образование, говорили о его человеческих качествах, о поддержки со стороны его семьи – супруги Асии, детей Азизы и Алмаса. Мы присоединяемся к поздравлениям ведущего уйгуроведа Казахстана и хотим пожелать ему творческого долголетия и семейного благополучия!

**Алимжан Хамраев,**
*доктор филологических наук,*
*президент Евразийской*
*уйгурской академии*

# ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ھەققىدە



ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت

(ئاخىرى. بېشى ئۆتكەنكى ساندا)

### 3. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىيتى دەۋرى

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى- ئۇيغۇر خەلقى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 80-يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىجاد قىلغان ئەدەبىيات بولۇپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن زىچ باغلىنىشقا ئىگە بولسىمۇ، ئامما ئۆزگە خاس يېڭىچە قىياپەت بىلەن مەيدانغا كەلدى. بۇ دەۋرنىڭ ئەدىبلىرى كۆپرەك رۇس ۋە غەرب ئەدەبىياتى بىلەن ئۇچراشتى ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرى ئەھمەت زىيائى ئۆمەر مۇھەممەدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، قۇتلۇق شەۋقى،، مەمتىلى ئەپەندى، نىمشېھىت ئارمىيە ئېلى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قاتارلىقلار بولۇپ، يەنىلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا شېئىرىيەت ئاساسلىق سالماقنى ئىگىلىگەن. بۇ دەۋر ئەدەبىياتىدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «ئويغان»، لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «يىللارغا جاۋاپ»، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز»، ئۆمەر مۇھەممىدىنىڭ « ئۆمەر ئۆلدى» قاتارلىق شېئىرلىرى ئالاھىدە مەشھۇردۇر.

بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىگى ئارۇز ۋەزنىدىكى شېئىرلاردىن ئەسلىدىكى بارماق ۋەزنىلىك شېئىرلارغا كۆچۈش، يەنە بىر تەرەپتىن رۇس ۋە تاتار ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىش بولدى. رۇس شېئىرىيىتىنىڭ تەسىرىنى ئالدى بىلەن تاتار ۋە ئۆزبېك قاتارلىق رۇس ئاسارىتىدىكى بىر قىسىم تۈركى مىللەتنىڭ شائىرلىرى قوبۇل قىلغان بولۇپ، بۇ تەسىر ئاستا-ئاستا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. بولۇپمۇ رۇسىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەۋە لېرمونوۋ، پوشكىن، پاسترناك، يېسىنىن ماياكوۋىسكى، ئابدۇللا توقاي، ئەركىن ۋاھىدوۋ، ئۆمەر مۇھەممەدى چولپان، خەمىت ئالىمجان، رەسۇل ھەمزاتوۋ قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرىي ئىجادىيەتلىرى مۇشۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەن. ھەتتا بۇلارنىڭ تەسىرىنى 80-يىللاردا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان بىزدەك ئەدەبىيات كەسپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغىمۇ يېتىپ بارغان بولۇپ، بىزنىڭ ئەينى چاغدا ئوقۇيدىغان ئاساسلىق ئەسەرلىرىمىز يوقۇردا ئىسمىنى تىلغا ئالغان شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى ئىدى. بولۇپمۇ ئابدۇللا توقاينىڭ تەسىرى 20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇر شائىرلىرىمىزدا ئالاھىدە زور ئىدى. بۇنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئۆمەر مۇھەممەدى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قاتارلىق شۇ دەۋرنىڭ ئاۋانگارت شائىرلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

### 4. بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دەۋرى

ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى دەۋرى 80-يىللاردىن تاكى 2017-يىللارغىچە بولغان ئارىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇيغۇر شېرىيىتىنىڭ جەڭگىۋار دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋردە ئۇيغۇر شائىرلار قوشۇنى تېز سۈرئەتتە زورىيىپ، تارىختىكى ئەڭ زور شائىرلار قوشۇنىغا ئايلاندى. ئەدەبىي ئىجادىيەت



لۇتپۇللا مۇتەللىپ



ئەخمەتجان ئوسمان



ئابدۇقادىر جالالىدىن



چىمەنگۈل ئاۋۇت

مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە گۈللىنىپ، كۆپلىگەن نادىر ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ياش شائىرلىرى بىر تەرەپتىن غەرب ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە بىر قەدەر بالدۇر ئۇچرىغان بېيداۋ، شۇتىڭ، گۇچېڭ قاتالىق بىر قىسىم خىتاي شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى بىلەن تونۇشسا، يەنە بىر تەرەپتىن تەرجىمە ئەسەرلەر ئارقىلىق غەرب ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئېگە بولدى. دەل مۇشۇنداق شارائىتتا، يەنى 1986-يىلى ئەخمەتجان ئوسماننىڭ «خايىن تاغلار» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلىرىنىڭ تەڭرىتاغ ژورنىلىدا ئېلان قىلىنىشى ئۇيغۇر شېئىرىيەت دۇنياسىدا غايەت زور سىلكىنىش پەيدا قىلدى. تەڭرىتاغ ژورنىلىدا پىشقەدەم شائىرلار بىلەن ياش شائىرلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەس-مۇنازىرىلەر قايناپ كەتتى. ئەملىيەتتە ئەخمەتجان ئوسماننىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە ئېلىپ كىرگىنى غەرب يېڭى زامان شېرىيىتىنىڭ ئەرەپچە ۋارىيانتى ئىدى. غەرب دۇنياسىدا 2-دۇنياي ئۇرۇشىدىن كېيىن، شېئىرىيەتتە يېڭىلىنىش بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بارماق ۋەزنىدىكى قاپىيداش شېئىرلاردىن پىكىر ۋە تۇيغۇلار ئەركىن ئىپادىلىنىدىغان ۋە تىل جەھەتتە ھېچقانداق توسالغۇ بولمىغان بىر خىل يېڭىچە شەكىلگە كۆچكەن ئىدى. ئەينى چاغدا ئىران ۋە سۈرىيە ئوتتۇرا شەرقتىكى غەرب دۇنياسى بىلەن بىر قەدەر ئاكتىپ مۇناسىۋەتتە بولغان دۆلەتلەر بولۇپ، غەرب دۇنياسىدىكى شېرىيەتتە بولغان يېڭىلىقلار بۇ دۆلەتلەردىكى شائىرلاردا ناھايىتى تېز ئومۇملاشقان ئىدى. ئەخمەتجان ئوسماننىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە ئېلىپ كىرگىنى دەل شۇ يېڭىلىقلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىپادىسى ئىدى. بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە تەۋە ياشلاردىن ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگىلىرىدىن پەرھات ئېلياس، ئابدۇقادىر جالالىدىن، باتۇر روزى، ۋاھىتجان ئوسمان، ئەخمەتجان ئوسمان، ئەركىن نۇر، باتۇر روزى، ئىلغارجان سادىق ،تاھىر ھاموت، پەرھات تۇرسۇن قاتارلىقلارنى ساناشقا بولىدۇ. ئامما بۇلارنىڭ بىر قىسمى بىر مەزگىل يېڭىچە شېئىر يېزىپ باققان بولسىمۇ، ئامما نەتىجىلىرى كۆرۈنەرلىك بولمىدى. ئۆزلىرىگە خاس يول تاپالىغانلىرى ناھايىتى ئاز بولدى. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئۆزگۈرۈش باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرگەن بىرىنچى ئەۋلات ياش شائىرلارنىڭ ئىزىدىن ئۆزىگە خاس يول تاپقان ئىككىنچى ئەۋلات شائىرلارنىڭ ئىچىدە مۇۋاپىقىيەت قازانغىنى ئادىل تۇنىياز غوجا مۇھەممەت مۇھەممەت ۋە چىمەنگۈل ئاۋۇتلار بولدى. بۇلاردىن كېيىن ئۆزگىچە قىياپەت بىلەن يېتىشىپ چىققان ياشلاردىن ئابدۇرېشىت ئېلى، ئاسىمجان ئىبۇل قاسىم، ئاتىكەم سىدىق ئىيقۇت، ئابدۇرېشىت سۇلايمان، ئابدۇۋەلي ئەرشىدىن بوزلان، ئابابەكرى توختى،رەخىم ياسىن قاينامى، شاھىپ ئابدۇسالام، مۇتەللىپ مەنسۇر، ئوسمانجان مۇھەممەت ياسىن گۈلنىسا ئىمىن گۈلخان،ئابدۇۋەلي ئابدۇسالام يارغۇل قاتارلىقلارنى ساناش مۇمكىن.

### 5. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ زۇلمەتلىك دەۋرى

ئۇيغۇر تىلى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن 2003-يىلىدىن باشلاپ رەسمىي چەكلەنگەن بولسىمۇ، ئامما ئۇيغۇر تىلىنى ئاساس قىلغان بىر قىسىم گېزىت-ژۇرنال ۋە كىتابلار يەنىلا نەشر قىلىنىۋاتقان ئىدى. 2017-يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇرچە كىتاب، ژۇرناللار، بىراقلا نەشر قىلىنىشتىن توختىدى. كىتابخانىلاردىن ئۇيغۇرچە كىتابلار ئېلىپ تاشلاندى. شەخسىي كىتابخانىلار تاقالدى. 8 مىڭ تۈردىن ئارتۇق ئۇيغۇرچە كىتاب بىراقلا چەكلىنىپ، كۆيدۈرۈپ تاشلاندى. ئۇيغۇر تىلىدا يېزىقچىلىق قىلىدىغان يازغۇچى، شائىرلار تۈرمىلەرگە ۋە جازا لاگېرلىرىغا سولاندى. بەزىلىرى مەڭگۈلۈك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

بارماق ۋەزنى، ئارۇز ۋەزنى، چاچما شېئىر ۋە گۇڭگا شېئىرلارنىڭ پەرقى بارماق ۋەزنىلىك شېئىرلار بىلەن ئارۇز ۋەزنىلىك شېئىرلارنىڭ پەرقىگە كەلسەك، ھازىرقى چۈشەنچىمىز بويىچە، تۆتلۈك شەكلىدىكى ، يەنى 4 مىسرادىن تۈزۈلگەن شېئىرلارنى بارماق ۋەزنىدىكى شېئىرلار دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن. ئەملىيەتتە بارماق ۋەزنىدىكى شېئىر بىلەن ئارۇز ۋەزنىدىكى شېئىرلارنىڭ پەرقى بۇ ئەمەس. ئارزۇ ۋەزنىدىكى شېئىرلاردا رىتىم ۋە ئۇدارلار ناھايىتى قېلىپلاشقان بولۇپ، بۇغۇملارغا چۈشىدىغان ئۇرغۇلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىدۇ. ھەربىر بۆلەكتىكى بۇغۇملارنىڭ سانىنىڭ ئوخشاش بولۇشىغا ئېتىبار بېرىلىدۇ. سوزۇق تاۋۇشلار ۋەزىن ئېھتىياجى بىلەن بەزىدە سوزۇلۇپ ياكى قىسقارتىلىپ ئوقۇلىدۇ. شېئىر بۇغۇملىرى بەھرىلەر بويىچە ئايرىلىدۇ. بىز بارماق ۋەزنىلىك شېئىر دەپ ئاتاۋاتقان شېئىرلاردا بۇ قانۇنىيەتلەرگە ئانچە ئېتىبار بېرىلىپ كەتمەيدۇ. بىر قەدەر ئەركىن بولىدۇ.

چاچما شېئىر ئەركىن شېئىر دەپ ئاتىلىدۇ، مىسرالارنىڭ ئۇزۇن قىسقىلىقى، رىتىم، تۇراق ،قاپىيە ۋە باشقا تەلەپلەرگە ئانچە ئېتىبار بېرىلمەيدۇ. شېئىرنىڭ نەزىرىۋى تەتقىقاتچىلىرى چاچما شېئىرنى 19-ئەسىردە بېلگىيەدە بارلىققا كەلگەن دەپ قارايدۇ. ئامما غەرب دۇنياسىدا ئامېرىكىلىق شائىر ۋىتمان چاچما شېئىرنىڭ پېشۋاسى دەپ قارىلىدۇ. رۇسلاردا ماياكوۋىسكى ئەڭ داڭلىقدۇر. ئۇيغۇرلاردىن ئەڭ بۇرۇن چاچما شېئىر يازغىنى ئۆمەر مۇھەممەدى بولسا كېرەك. ئۇنىڭ «ئۆمەر ئۆلدى» ناملىق شېئىرى ئەڭ داڭلىق. ئامما بىز ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى بۇددا ۋە مانىي دىنىغا دائىر شېئىر ئەسەرلەرگە نەزەر سالساق بىزدە چاچما شېئىرنىڭ بۇرۇنلا مەۋجۇتلىغىنى ھېس قىلىمىز، ئەگەر 80-يىللارنىڭ بېشىدا نەشر قىلىنغان« ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» ناملىق كىتابقا قاراپ باقساڭلار كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزغا تەۋە چاچما شېئىرلارنىڭ ئۈرنەكلىرىنى تاپالايسىلەر.

بىز گۇڭگا شېئىر دەپ ئاتاۋاتقان يېڭى زامان شېئىرىيتى بىزنىڭ شېئىرىيتىمىزگە ،يەنى 20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى شېئىرىيتىمىزگە ئىككى نەرسىنى ئېلىپ كىردى دەپ قارايمەن. بىرى شېئىر قېلىپىدىكى ئەركىنلىك، يەنى ئۇيغۇر شېئىرىيتى قېلىپلاشقان قۇرۇلمىدىن ئازات بولدى. ئىككىنچىسى شېئىر تىلىدىكى ئەركىنلىك. بىز ئەخمەتجان ئوسماندىن باشلانغان يېڭىچە شېئىرلىرىمىزنىڭ تىلىغا قارايدىغان بولساق، شېئىر تەركىۋىگە كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئەسلىدىكى مۇتلەق مەنىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، سۆز مەنىسىگە يېقىن -يىراق بولغان مەنىلەردىن ۋە ھەر خىل مەنە باغلاملىرىدىن پايدىلانغانلىغىنى ۋە سۆز مەنىلىرىنى كېڭەيتكەنلىگىنى بايقايمىز. ھازىرقى شېئىرلاردا شائىرلار سۆزلەرنىڭ مەنە مۇناسىۋەتلىرىدىن يېڭىدىن -يېڭى ھالقىلارنى شەكىللەندۈرۈپ، ئوقۇرمەنلەرنى ئويلىمىغان ئىستىتىك بوشلۇققا باشلاپ كىرىدۇ.

ئەملىيەتتە شېئىرىيەتتە تىل ئەركىن ئىپادىلەشكە ئېرىشىش كېرەك. شېئىردا تىل ئەركىنلىككە ئېرىشكەندە تىل سۆز مۇناسىۋەتلىرىدىكى لوگىكىلىق پاسسىپ ئامىللارنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ، تۇيغۇنى ئەركىن ئىپادىلەش مۇھىتىغا ئېرىشىدۇ.

ھازىرقى شېئىرلاردا سۆزلىنىشكە تېگىشلىك بولغان يەنە بىر ئۇقۇم « بوشلۇق» ئۇقۇمىدۇر. بۇ ئۇقۇم شېئىرلاردىكى مەنە بوشلىقى ، سۆزلەرنىڭ باغلىنىشىدىكى مۇھىت بوشلىقى، شائىرنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە قالدۇرغان بوشلىقى قاتارلىق بوشلۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھازىرقى شېئىرلاردىكى شېئىر بوشلۇق شېئىرنى سۇس تۇمان قاپلىغان سەھەردەك گۈزەللىككە، تىنىق .ئامما تېگى كۆرۈنمەيدىغان سۇدەك سىرلىقلىققا ئىگە قىلىدىغان يەنە بىر مۇھىم ئامىلدۇر.

# ВСТРЕЧА, ПОСВЯЩЕННАЯ ЮБИЛЕЮ УЙГУРОВЕДА

*Республиканский этнокультурный центр уйгуров Казахстана (РЭЦУ РК) совместно с Центром уйгуроведения Института востоковедения Министерства образования и науки РК и Университетом «Туран» провел онлайн встречу, посвященную 60-летнему юбилею видного казахстанского уйгуроведа доктора исторических наук, профессора Аблета Каюмовича Камалова. Во встрече приняли участие ученые и общественные деятели Казахстана, Кыргызстана, России, США, Германии и Турции. Встреча началась приветственными словами, с которыми к участникам мероприятия обратились председатель РЭЦУ РК, депутат Мажилиса (Парламента) РК 6-го созыва Шаймардан Усенович Нурумов, председатель Городского этно-культурного центра уйгуров Алматы Убайдулла Жаппаров, главный редактор газеты «Уйгур авази» Ершат Асматов, председатель Молодежной организации уйгуров РК Рустам Кайрыев. Модератором встречи выступил доктор биологических наук, профессор Масимжан Вилямов.*

*Первое слово на встрече было представлено самому юбиляру, который вкратце рассказал о своей научно-исследовательской деятельности, основных ее направлениях и результатах работы в области уйгуроведения. С творческой биографией А.К. Камалова познакомила участников встречи руководитель Центра уйгуроведения Института востоковедения им. Р.Б. Сулейменова доктор исторических наук Р.У. Каримова. В своем докладе «Слово о коллеге» она рассказала об основных этапах научной деятельности юбиляра – ташкентском, ленинградском и алматинском. Выходец из г. Кульджи, А.К. Камалов учился в одной из лучших алматинских школ, окончил Восточный факультет Ташкентского государственного университета, прошел аспирантуру в Ленинградском Отделении Института востоковедения Академи наук СССР. Всю свою профессиональную деятельность он посвятил уйгуроведческой науке. На этом поприще он достиг больших высот, стал известным всему миру благодаря своим трудам: он вывел казахстанское уйгуроведение на международный уровень. Его книга «Древние уйгуры. 8-9 вв.» (2001 г.) стала классической работой, на которую ссылаются все ученые, изучающие историю и культуру древних уйгуров. На уровне мировой науки написана его другая книга «Тюрки и иранцы в Танской империи» (2017 г.). А.К. Камалов также считается известным специалистом по истории уйгуров Семиречья, истории Восточного Туркестана XX в. Кроме этого он занимается современными вопросами развития уйгурской общины Казахстана и других республик Центральной Азии.*

*Выступавшие ученые разных стран дали всестороннюю характеристику вклада А.К. Камалова в историческую науку и уйгуроведение. Действительный член Национальной Академии наук Казахстана, известный специалист по истории кимаков и кипчаков Булат Ешмухамедович Кумеков отметил большую роль в становлении А.К. Камалова как ученого ленинградской школы востоковедения. Б.Е. Кумеков и А.К. Камалов являются учениками советского и российского тюрколога Сергея Григорьевича Кляшторного (1927-2014 гг.), специалиста по древнетюркской рунической письменности и памятников. Вместе с тем, они оба являются выпускниками Восточного факультета Ташкентского государственного университета. Другая выпускница этого же факультета профессор Клара Шайсултановна Хафизова в своем выступлении подчеркнула китаеведческую составляющую научного творчества А.К. Камалова, который является редким специалистом китайских источников танского времени по истории древних тюрков. Древнекитайскому языку он обучался у профессоров Л.Н. Меньшикова и С.Е. Яхонтова в Ленинграде. К.Ш. Хафизова также подчеркнула роль в становлении ученого его преподавателей из Ташкентского университета – О.А. Вагина, Н.Е. Хохлова, М.Х. Мухмутходжаева, С.К. Розыбакиева, О. Маматахунова, А.Ходжаева и др. Казахский историк А.Ш. Кадырбаев, специалис т по истории юаньского Китая (монгольский период), ныне живущий и работающий в Институте востоковедения РАН в Москве, отметив высокий уровень научных работ юбиляра, подчеркнул, что в настоящее время А.К. Камалов является одним из трех ведущих китаеведов Казахстана. Профессор Казахского университета международных отношений и мировых языков им. Абылай-хана Ануар Абитаевич Галиев поделился воспоминаниями о летних школах по истории Центральной Азии, которые много лет проводил А.К. Камалов, и отметил большой вклад ученого в переподготовку молодых ученых и преподавателей университетов региона. Известный арабист и исламовед, специалист по мусульманским источникам Центральной Азии проф. Аширбек Курбанович Муминов, ныне работающий в Стамбуле, поделился воспоминаниями о совместной с А.К. Камаловым аспирантской жизни в Ленинграде в 1980-е годы, которые подружили их, об их совместной работе в Алматы. Он отметил, что А.К. Камалов в последнее время занимается и письменными источниками на чагатайском языке. Научный сотрудник Института востоковедения РАН (Москва) кандидат исторических наук А.Д. Васильев зачитал письмо благодарности ученого от имени директора Института А.К. Аликберова за мастер-класс, проведенный А.К. Камаловым на Всероссийской конференции молодых востоковедов в Уфе в 2019 г.*

*Высокую оценку научной деятельности А.К. Камалова дали уйгурские ученые Казахстана. Многие годы работавшие вместе с ним в Отделе, а затем Институте уйгуроведения профессор языковед В.У. Махпиров и доцент Р.У. Арзиев поставили деятельность ученого в контекст развития уйгуроведческой науки Казахстана. Ведущие специалисты по истории, языку, литературе и искусству уйгуров Г.С. Садвакасов, Т.Т. Талипов, М.Н. Кабиров, С. Моллаудов, М. Ерзин, Г.М. Исхаков, Ш.Баратов, К.Т. Талипов, Д.Исиев, и др. не могли не оказать влияния на академические интересы юбиляра. Многие из них были его наставниками. На общественной деятельности А.К. Камалова остановился доктор юридических наук, академик Ш.М. Шарипов. Чрезвычайно значимыми для общины стало его участие в работе Штаба по подписке на газету «Уйгур авази» и Штаба по оказанию содействия уйгурским школам Казахстана, которые были созданы в ЭКЦУ РК. Эти штабы, работой которых руководил Карлин Махпиров, в последние годы дали большие плоды в соответствующих областях.*

*Международную значимость научной деятельности уйгуроведа показали выступавшие ученые из Кыргызстана, США, Германии и Турции. Редактор газеты «Иттипак» из Бишкека Акбаржан Баудунов поздравил юбиляра от имени кыргызстанских уйгуров. Уйгурский историк из Вашингтона доктор наук Набиджан Турсун отметил, что труды А.К. Камалова по уйгуроведению печатаются на английском языке в западных изданиях, и зарубежные ученые хорошо знакомы с научными работами ученого. Он отметил, что недавно его статья «Уйгурская историография» издана в Исследовательской Оксфордской энциклопедии, а несколько других статей опубликованы в одном из ведущих научных журналов Англии. С поздравительными речами в адрес юбиляра на встрече также выступили представители уйгурской общественности Германии и Турции – директор Института «Кутадгу билик» Аблет Самат и профессор Университета Бейкент (Стамбул) Магфират Камал Юнусоглу. В заключительной части «Встречи с ученым» юбиляр поблагодарил организатов этого мероприятия и участников за высокую оценку его вклада в науку и образование.*

**Рахметжан Юсупов,**
*кандидат филологических наук,*
*ведущий научный сотрудник*
*Института востоковедения им. Р.Б. Сулейменова КН МОН РК*

## ТӘЗИЙӘ



Йеқинда Чүй вилайити, Иссик-Ата наһийәси, Ново-Покровка йезисиниң турғуни уста сәнъәтчи, нахшичи вә чевәр дапчи

**Ғопур һажим Турдахун оғли Турдиев**

90 йешида дуниядин қайтти. Ғопур һажи Турдахун оғли Қирғизстан уйғурлири ичидә тонулған, талантлиқ сәнъәтчилиримизниңбириболған. Ғопур һажим 1931-жили Ғулжа шәһиридә туғулған. У яшлиқ чағлирида Или сәнъәтчилиригә әгишип, саз-нахшиларға қизиққан, дап челишниң сирлирини үгүнүшкә башлиған. 1951-1953-жиллири Үрүмчи кадрлар мәктивини пүтүрүп, қатнаш идарисида ишлигән. 1955-жили вәтәнни тәрк етип Совет Иттипақиға көчүп чиқип Қазақстанниң Женгижар совхозиға орунлишиду. 1956-жили болса Қирғизстанниң Тоқмақ шәһиригә көчүп кәлгән.

Шу жиллири училищеда оқуп жүрүп, һәр хил милләтләрдин тәркип тапқан яшлар билән сәнъәт өмигини қуруп, концертларни қоюшқа башлиған. Униң сәнъәтчи вә чевәр дапчи екәнлигини байқиған хәлиқ Қирғизстан мәдәнийәт министри тәстиғидин өткүзүп, 1957-жили Москвада өткүзүлгән VI-Дуния яшлири вә студентлири фестивалиға Ғопур һажим аз санлиқ милләтләр қатарида Қирғизстанниң вәкили болуп қатнашқан. Ғопур һажим VI –Дуния фестивалиниң медали билән мукапатланған. 1965-жили Қейим Сабирһажиев рәһбәрлигидә қурулған сәнъәт өмигигә қатнашқан. У 1966-жили Тоқмақтин Ново-Покровка йезисиға көчүп кәлгән. **Ғопур һажим Турдахун оғлиниң** вапат болуши мунасивити билән мәрһумниң аилисигә, уруқ-туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә изһар қилимиз. Мәрһумниң ятқан йери жәннәттә болсун.

***Қирғизстан уйғурлириниң «Иттипақ» жәмийити***

## Әлвида, устаз



Уйғуристандила әмәс, чәт мәмликәтләрдиму тонулған шаир

**Муһәммәтжан Рашидин**

2021- жили, 13- ноябрь күни Үрүмчи шәһиридә 81 йешида вапат болди.

Муһәммәтжан Рашидин 1940- жили, 19- июнь күни Ғулжа наһийәсиниң Анарйүзи йезисида, деһқан аилисдә дунияға кәлгән. 1968- жили, 7- айғичә Чапчал наһийәси вә өзи туғулуп өскән Ғулжа наһийәси вә Анарйүзи йезилиқ оттура мәктәптә оқутқучи болған. 1968- жили, аталмиш «мәдәнийәт зор инқилаби» ниң зиянкәшлигигә учрап, 1982- жилиға қәдәр түрмидә ятқан. 1982- жилиниң ахири түрмидин чиқип, Ғулжа наһийәлик 1- оттура мәктәптә тил- әдәбият оқутқучи вә илмий мудир болуп ишлигән. У 2003- жили, 3- айда дәм елишқа чиққан болсиму, һаятиниң ахирқи күнлиригичә қәлимини тохтатмиған от жүрәк шаир еди. Муһәммәтжан Рашидинниң әдәбий ижадийити 1958- жилидин тартип башланған. Муһәммәтжан Рашидинниң ижадийәтлири «Каккук гүли»,«Жиллар изи», «Күнләр альбоми»,«Ана йәр қәсидиси»,«Өмүр илһамлири»,«һаят дегән мана шу»,«Ана тағлар» намлиқ топламлири нәшир қилинған. Уйғуристанда нәшир қилинған һәр қайси гезит-журналларда шаирниң 1000 парчидин артуқ шеири, 30 парчидин артуқ һекайиси, 15 парчә илмий мақалиси елан қилинған.

**Муһәммәтжан Рашидинниң**

вапат болуши мунасивити билән мәрһумниң аилисигә, урук-туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдүримиз.

***Қирғизстан уйғурлириниң «Иттипақ» җәмийити***

---



Қирғизстанниң Чүй вилайити, Аламедин наһийәси, Лебединовка йезисиниң турғуни **Хумақиз һаҗим Турдиева** 79 йешида вапат болди. Мошу қайғулуқ мунасивәт билән мәрһумәниң аилисигә, урук-туққанлириға қайғуруп тәзийә билдүримиз.

***Лебединовка йезисиниң уйғур җамаити***

---



Йеқинда Чүй вилайити, Иссик-Ата наһийәси, Ново-Покровка йезисиниң турғуни **Қурбанова Нуркиз** 76 йешида дуниядин қайтти. Мошу қайғулуқ мунасивәт билән мәрһумәниң аилисигә, урук-туққанлириға қайғуруп тәзийә билдүримиз.

***Тоқмақ шәһири, Аяллар кеңишиниң рәиси Турсунай Абитова вә урук-туққанлири***

---



Йеқинда Чүй вилайити, Иссик-Ата наһийәси, Ново-Покровка йезисиниң турғуни **Аблимит Исмаил оғли** вапат болди. Мошу қайғулуқ мунасивәт билән мәрһумниң аилисигә, урук-туққанлириға қайғуруп тәзийә билдүримиз.

***Ново-Покровка йезисиниң уйғур җамаәтчилиги***

---



Бишкәк шәһиридики *Тиливалди һаҗим Иминов башчилиғидики бир группа мәшрәп әһли*, Алмута шәһиридә яшиған дости:

**Турсунтай Әхмәт оғлиниң**

вапат болуши мунасивити билән мәрһумниң аилисигә, урук-туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдүриду.



Бишкәк шәһиридики *Тиливалди һаҗим Иминов башчилиғидики бир группа мәшрәп әһли*, Алмута шәһиридә яшиған дости:

**Исһақ Абдиримахун оғлиниң**

вапат болуши мунасивити билән мәрһумниң аилисигә, урук-туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдүриду.

---

## Қәлбимиздә мәңгү яшайду



25- ноябрь күни Алмута шәһири, Айродром мәһәллисиниң турғуни, Қазақстан уйғурлири миллий ассоциацияси җәмийәтлик бирләшмисиниң һәйъәт әзаси, «Әхбарат» журнилиниң тәһрират һәйъәт әзаси, мухбири, Дуния Уйғур Қурултейиниң 6-7-нөвәтлик қурултай вәкили, «Иттипақ» гезитиниң җанкөйәри, милләтпәрвәр, вәтәнпәрвәр инсан**Наиләм Турсунмуһәммәт қизи Һәмраева** вапат болди.

Наиләм Турсунмуһәммәт қизи 1950- жили, 5- январь күни Ғулжа шәһириниң Һәрәмбағ мәһәллисидә, зиялий аилисдә дунияға кәлгән. Атиси - Турсунмуһәммәт Һәсән оғли Баширов Шәрқий Түркистан миллий Армиясиниң офицери болған. Аниси-Рәһанбүви башланғуч мәктәптә муәллим болуп ишлигән. Хитай коммунист һакимийитиниң Шәрқий Түркистан Миллий армиясидин өч елиш үчүн жүргүзгән сәясәтлирини чүшәнгән Турсунмуһәммәт ака 1962- жили, вәтини Уйғуристанни тәрк етип, Қирғизстанниң Чүй вилайити, Сокулук наһийәсиниң Фрунзе совхозиға көчүп келиду. Наиләм у чағда Ғулжа шәһиридики 16- башланғуч мәктәптә оқувататти. Наиләм совхоздики рус мәктивидә оқуйду. 1970- жили, оттура мәктәпни тамамлап, өзи яшиған совхоз мәмурийитиниң йолланмиси билән Фрунзе шәһиридики финанс-ихтисат техникумида оқуйду вә 1974- жили, оқушни тамамлап, Фрунзе совхозиниң мәһкимисидә бухгалтер вә экономист болуп ишләйду. 1982- жили, алмутилиқ Рәһимҗан Һәмраев билән турмуш қуруп, Алмута шәһириниң Айродром мәһәллисидә яшайду.

Наиләм 2004- жили, «Азия бүгүн» гезитигә ишқа кирип бир нәччә жил ишлиди. 2008- жили, Алмутидики Уйғурларниң миллий ассоциацияси җәмийәтлик бирләшмисиниң органи «Әхбарат» журнилиға ишқа кирип, дәсләп корректор, кейин тәһрират һәйъәт әзаси, мухбири болуп, өмириниң ахириғичә хизмәт қилди. «Әхбарат» журнилида ишләш җәриянида Наиләм Һәмраеваниң уйғур тарихиға, тилиға, урп-адәтлиригә, мәдәнийитигә аит мақалилири үзүлмәй бесилип турди. Наиләм 2009- жили, Алмутида нәшир қилинған Турсун Қаһһарниң «Өчмәс учқунлар» намлиқ китавиға корректорлуқ қилған. Наиләм Һәмраева Уйғурларниң миллий ассоциацияси җәмийәтлик бирләшмисиниң рәиси Тамара Маметованиң авторлиғида рус вә инглис тиллирида, 2011- жили Алмутида нәширдин чиққан «Өчмәс юлтузлар», уйғурчә «Изи өчмәс гәвһәрләр» намлиқ китапларниң түзгүчиси болған. Һазирқи заман уйғур әдәбиятида көзгә көрүнгән шаирә Чимәнгүл Авутниң шеирлирини таллап, кирил һәрипи билән, өзи муһәррир болуп, өзиниң ихтисади билән 2020- жили «Уйғур деңизи» намида китапни нәширдин чиқарған. Язғучи Гүлшән Абдуқадирниң 1997- жили, Ғулжа шәһиридә йүз бәргән яшлар һәрикитигә беғишлап йезилған «5- февраль инқилави» китавини уйғур йезиғидин кирил йезиғида нәширгә тәйярлап чиқарған.Наиләм Һәмраева ахирқи бирнәччә жил уйғур жилнамилирини тәйярлап чиқарди. Наиләм Дуния Уйғур Қурултейиниң 6-,7- нөвәтлик қурултейиниң вәкили болуп, қурултай жиғинлириға қатнашқан. 2018- жили, 6-ноябрьда Дуния Уйғур Қурултейиниң уюштуруши билән Женәвәдә өткүзүлгән 5000 кишилик намайишқа иштирак қилди. Наиләм Қирғизстанда чиқидиған «Иттипақ» гезитиниң җанкөйәри еди. У узун жиллардин бери өзи яшиған Айродром мәһәллисидә «Иттипақ» гезитигә муштири топлаш вә уни тарқитиш хизмәтлирини атқурған. Наиләм ақ көңүл, кичик пейил, меһрибан, көйүмчан ана, милләтпәрвәр, вәтәнпәрвәр инсан еди. Биз әнә шундақ улуқ инсандин айрилип қалдуқ.

**Наиләм Турсунмуһәммәт қизи Һәмраеваниң** вапат болуши мунасивити билән мәрһумәниң аилисигә, урук-туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдүримиз. Мәрһумниң ятқан йери җәннәттә болсун. Аминь.

***Қирғизстан уйғурлириниң «Иттипақ» җәмийити.***

---

Қазақстан, Талғир наһийәси, Тузбастав(Калинин) йезисиниң турғуни, йезилиқ вә наһийәлик Ақсақаллар кеңишиниң рәиси, «Иттипақ» гезитиниң җанкөйәри

**Алмасхан Мухпул оғли Йолдашевниң**

вапат болуши мунасивити билән мәрһумниң аилисигә вә урук-туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдүримиз.

***Қирғизстан уйғурлириниң «Иттипақ» җәмийити.***

# Проведено собрание в честь образования ВТР



12 ноября 2021 года в городе Джалал-Абаде актив филиала ООУ «Иттипак» КР жамияти» провёл собрание в честь Дня образования Восточный Туркестанской Республики (ВТР) просуществовавшего в 1944-1949 годах XX в. В собрании приняли участие представители общественности Джалал-Абада, Узгена, Ноокен, Базар-Коргона. Данное мероприятие открыл председатель филиала «Иттипак» КР Джалал-Абадской области автор этих строк. Затем прочитан Коран. По онлайн связи с приветственным словом выступил председатель «Иттипак» КР Аскар Касымов, члены Центрального совета Акбаржан Баудунов, Музаппар Курбанов. Также выступили на собрании председатель аксакалов г. Узгена Салижан Муллахунов из Джалал-Абада Хуршида Курбанова, активистка комитета молодёжи Шамсия Ибрагимова прочитала стихи про ВТР. После данного мероприятия был проведён «Назир».

Каждый год уйгурская общественность юга республики проводит собрания памяти жертв кульджинских и урумчинских событий 1997 и 2009-х годов и в честь образования двух восточно – Туркестанских республик 1932-1933 и 1944-1949 годов XX столетия.

**Алишер Насырахунов,**
*г.Джалал-Абад*



## ئەسلىمە
### (ھكايە)

(بېشى 11 ـ بەتتە)

سوبھىئاي تېخى نەچچە كۈن ئىلگىرى مۇراتتىن ئاڭلىغان سۆزلىرىنى ئەسلەپ، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بېشىدىمۇ بىر شۇملۇقنىڭ ئەگىپ تۇرىۋاتقانلىغىنى چۈشەنگەندەك بولدى. مۇراتنىڭ دېيىشىچە: 80 ياشتىن ئاشقان دادىسىنى خىتاي ساقچىلىرى «ئوغلۇڭ چەتئەلدىن قايتىپ كەلگۈچە سىنى تۇتۇپ تۇرىمىز» دەپ جازا لاگېرىغا ئېلىپ كەتكىلى بىر ئايدىن ئېشىپتۇ. ئىنىسىدىنمۇ ھېچقانداق خەۋەر يوق ئىكەن. يېقىن تونۇش ـ بىلىش ۋە ساۋاقداشلىرى ھەتتا «قىيامەتلىك دوست» دېيىشىدىغان جانجېگەر ئاغىنىسى پەرھاتمۇ ئۇنى ئۈندىداردىن يۇيۇۋېتىپتۇ.

سوبھىئاي تۈركىيەگە يولغا چىقىش ئالدىدا دادىسى بەرگەن 2000 دوللار پۇلنى خەجلەپ بولاي دەپ قالغان ئىدى. ئۇ «تۈرك تىلى كۇرسى»دىن قايتىپ پېشىنگە يېقىن ئۆيگە كەلدى. مۇرات ئۇنىڭغا «توختىھاجىمنىڭ 3مىڭ دوللار» پۇل ئەۋەتكەنلىكىنى» دەپ، قاچان پۇل لازىم بولسا سوراۋېرىشىنى تاپىلىدى. مانا، تېخى نەچچە سائەت ئۆتمەيلا ئانىسى ئۇنىڭغا ئۈندىداردا تېلېفون قىلىپ:

— جېنىم قىزىم، ئەتىگەن ساقچىلار كېلىپ «چەتئەلگە پۇل ئەۋەتىپسەن» دەپ دادىڭىزنى تۇتۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە سىز قايتىپ كەلمىگىچە دادىڭىزنى قويۇپ بەرمەيدىكەن. شۇڭا سىز قايتىپ كېلىشىڭىز كېرەك ئىكەن.

— دەپ ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى.

سوبھىئاي نېمە قىلىشىنى بىلمەيتتى. تۈركىيەگە كېلىپ تونۇشقان بىر نەچچە يېقىنلىرى خىتاي ساقچىلارنىڭ موشۇنداق تەھدىت قىلىشى نەتىجىسىدە قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئايروپورتتىلا بېشىغا قارا خالتا كەيدۈرۈلۈپ تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدى. كۇرستا بىللە ئوقۇيدىغان رەيھان ئىسىملىك قىزنىڭمۇ دادىسىنى ساقچىلار تۇتۇپ كېتىپ «قىزىڭ كەلمىسە قويۇپ بەرمەيمىز» دېگەنلىكى ئۈچۈن قايتىپ كەتكەن بولۇپ، ھازىرغىچە ئۇنىڭ ھېچقانداق خەۋىرى يوق ئىدى. ئۇ بۇلارنى ئويلاپ مۇراتقا مەسلىھەت سالدى.

— قايتىپ كېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. بۇ پەقەت خىتايلارنىڭ سىياسى تۇزىقى. ئەگەر سىز قايتىپ كەتسىڭىز ئۇلار دادىڭىزنى قويۇپ بېرىش ئەمەس، سىزنىمۇ تۇتىدۇ. ئۇلارنىڭ مەخسىدى ۋە ۋاستىلىرىنىڭ قانچىلىك ۋەھشى ئىكەنلىگىنى سىز تېخى بىلمەيسىز. دادىڭىزنى تۇتۇپ كەتكەندىن كېيىن ئانىڭىز نېمە قىلىشىنى بىلەمەي، سىزگە ئۆزىمۇ خالىمىغان گەپلەرنى دېگەن گەپ. — دېدى مۇرات نۇرغۇن ئەمەلىي مىساللارنى ئېلىپ.

ئەتىسى كۈنى سوبھىئاي ئانىسىنىڭ «جېنىم قىزىم، تۈنۈگۈنكى گەپلىرىمنى ئۇنتۇپ كېتىڭ، ئۆلۈپ قالىدىغان ئىش بولسىمۇ قايتىپ كېلىش خىيالىنى قىلىپ سالماڭ» دېمەك بىر جۈملە ئۇچۇرىنى تاپشۇرىۋالغاندىن بېرى ھېچقانداق قىلىپ ئالاقە قىلالماي كىلىۋاتاتتى. مانا بۇ ئىشلارغىمۇ بەش يىل بولۇپ قاپتۇ.

سوبھىئاي چوڭقۇر بىر نەپەس ئالغاندىن كېيىن، كۆزىدىن سىرغىپ چۈشىۋاتقان ياشنى قولى بىلەن سۈرتكەچ، ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدى. پاتاي دەپ قالغان قوياش نۇرىدا ئوتقاشتەك قىزىللىققا تولغان ئاسمان ئۇنىڭغا بىر قاباھەتنى ئەسلىتىپ تۇراتتى. دېڭىزنىڭ گۈزەللىكىمۇ ئۇنىڭغا ھېچقاندا تەسىر بېرەلمەيتتى. ئۇ يېڭى تونۇشقان ۋاقىتلاردا ئۆركەش سوغا قىلغان «ناتىۋانلار» ناملىق كىتابىنى سومكىسىدىن ئېلىپ، موقاۋىسىنى ئاستا سىلاپ قويدى ۋە باغرىغا باسقىنىچە ھۆكۈرەپ يىغلىۋەتتى.

**ПРОДОЛЖАЕТСЯ ПОДПИСКА НА ГАЗЕТУ «ИТТИПАК»** на 2022-й год.
Стоимость годовой подписки – **400** сом.
Желающие подписаться обращаться к жигитбеши своего района или в редакцию газеты «Иттипак».

ھۆرمەتلىك گېزىتخان ئۇيغۇر ۋە رۇس تىللىرىدا چىقىۋاتقان «ئىتتىپاق» گېزىتىڭىزغا 2022 ـ يىلىغا مۇشتىرى توپلاش ئىشى داۋاملىشىۋاتىدۇ. گېزىتكە ئۆزىڭىز تۇرۇۋاتقان جايلاردىكى ژىگىت باشلىرى ۋە گېزىتىمىزنىڭ جانكۆيەرلىرى ئارقىلىق يېزىلىشىڭىزغا بولىدۇ. گېزىتىمىزنىڭ يىللىق باھاسى 400 سوم.

**«ТӘҢРИ ТАҒ САДАЛИРИ»**

Уйғур радиоаңлитиши өз паалийитини башлиди. Бу аңлитишни һәр сейшәнбә күни саат **20:40**та **«Кырғыз радиосиниң»** FM 106.9 долкунида аңлисаңлар болиду:
Бишкәк – Чуй - FM 106.9
Талас – FM 107.6
Қара-Буура – FM 103.5
Қара-Кол – FM 103.8
Жалал-Абад – FM 105.9
Каныш-Кыя – FM 104.7
Сулукту – FM 102.5
Иссиқ-Көл – FM 106.0
Нарын – FM 105.0
Алай – FM 101.7
Чоң Алай – FM 102.5

